ئابدۇرەھىم ھەكىمى

# نەزەر ھەققىدە خىياللار

مىللەتلەر نەشرىياتى



بۇ كىتابىمنى 48 يىللىق ئۆمرىنىڭ 33 يىلىنى ئوقۇتقۇچىلىققا بېغىشلىغان مەرھۇمە ئانام تاجىنىسا خانىمنىڭ ۋە 90 يىللىق ئۆمرىنىڭ 60 يىلىنى ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىشقا ئاتىغان مەرھۇم دادام ئابدۇلھەكىم داموللاھاجىمنىڭ روھىغا، شۇنداقلا دىيارىمىزدىكى بارلىق جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن!

# مۇندەرىجە

## نەسىرلەر


تۇغراق ........ 2
توي ئاخشىمىدىكى ھېسسىيات ........ 3
خاتىرەمدىن ئۆزۈندىلەر ........ 4
مەن مۇشۇنداق ئىت ........ 6
يالقۇن تاغنىڭ كۆز يېشى ........ 8
سۆيۈلمىگەن ئاشىق ........ 10
مەن "ئەنئەنە"نى بۇزدۇم ........ 12
ئاجايىپ مەنتىقە ........ 14
بىچارە ئىنسان ........ 16
تەلۋە مۇھەببەت ........ 18
شۇنداقمۇ "ئانا" بار ........ 20
باھار تەشنالىقى ........ 22
كەچمىشلىرىم ........ 25
خىزىر ھەققىدە خىياللار ........ 29
ئىككى مەكتۇپ ........ 32
بېيدەيخېدىن سۇزگەن ئۈنچىلەر ........ 36


## فېلىيەتونلار


شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئىكەن بۇ جاھان ........ 42
كونا قوشاق، يېڭى مەنتىقە ........ 43
پۇلدىن كەلگەن سادالار ........ 45
"تۇغۇتتا ئۆلگەن" قازانلار ........ 49

ئەمەلدارلىق دەستۇرى ........ 53
قاباھەتلىك چۈش ........ 61
ھەسرەتنامە ........ 69

## ھېكايىلەر

مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ........ 73
ئېھ، ئاشۇ قىز ... ........ 75
ئىللىق سابا ........ 77
ھەر كاللىدا ھەر خىيال ........ 81
جاۋابسىز قالغان سوئاللار ........ 86
قەسىدىگە تاي، ساتىراغا ئات ........ 90
باشلىقنىڭ رايى ........ 95
ئۇ قاچان ساقىيار؟ ........ 100
ئۈچ يۈز يۈەننىڭ تەستىقى ........ 106

## ماقالىلەر

يازغۇچىنىڭ بۇرچى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........ 114
بازار ئىگىلىكى ۋە دېھقان يازغۇچىلار ........ 118
يېڭى ئەسىردىكى خورسىنىش ۋە ئۈمىد ........ 124
ھازىر جاۋاب شائىر روزى سايىت ........ 130
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى ........ 137
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇل كۆز قارىشىغا نەزەر ........ 145
ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ........ 155
مەنمۇ مۇئەللىم بولسامچۇ ........ 175
ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى ھەققىدە يۈزەكى پاراڭ ........ 183

# نەسرلەر

# توغراق

بۇ — توغراق.

بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك توغراق.

بۇ ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇمايدىغان، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇندىمۇ سۇنمايدىغان، قۇمدا كۆمۈلمەيدىغان، كەسكەنگە تۈگمەيدىغان، بىر تۆپىنىڭ يىلتىزىدىن ئون تۈپ ئۈنۈپ تۇرىدىغان توغراق. بۈگۈن مەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سىيرىپ قوي باقمەن. ئەتە سەن شاخلىرىنى كېسىپ سېۋەت توقۇيسەن. ئۆگۈنلۈككە ئۇ غولىنى كېسىپ ئوتۇن قىلىدۇ. ئىندىنلىققا...ئۇ ھەممىگە چىدايدۇ، ھەممىمىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ.

بۇرادەر، سەن ئەمدى بۇ توغراقنىڭ تۈپ يىلتىزىنى كېسىپ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلاۋاتامسەن؟!

بوۋىلارنىڭ ئېيتىشىچە، توغراقنىڭ تۈپىدە بىر جام سۇ ساقلىنارمىش، شۇ سۇنى ئىچكەن ئادەم قېرىماسمىش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىش. بىراق سەن بۇ نىيىتىڭدىن يان! ئەگەر نەپسىڭنى دەپ ئۇنى قۇرۇتساڭ، ئوزاق ئۆتمەي تەبىئەت ھالاك بولىدۇ، يەر شارى ھالاك بولىدۇ. ئۆزۈڭمۇ ھالاك بولىسەن!

# تويۈ ئاخشىمىدىكى ھېسسىيات

سۆزلىمىمۇ يوق، بۈگۈن مېنىڭ ساڭا ئېيتقۇدەك، سىرىڭمۇ يوق ھەمدە سېنىڭ ماڭا تۆككۈدەك، ياتايلى ئەمدى خۇددى قېرى ئەر ـ خوتۇنلاردەك.

سۆزلىرىمىز ئېيتىلىپ بولغان، سىرلىرىمىز ئېچىلىپ بولغان، چىم ئۈستىدە، ئۇرمانلىقتا تالاي قېتىم كۆتكەندە تاڭنى. شېرىن سۆزلەر، شوخ كۈلكىلەر، ئىللىق بېقىشلار، ئىنتىلىشلەر، ئوتلۇق ۋەدىلەر سىڭىپ كەتكەن تانسىخانىدىكى چىراغلارنىڭ نۇرىغا قوشۇلۇپ تام ـ تورۇسلارغا.

مەن سېنى كۈيلىگەن جاھاندىكى جىمى شېرىن سۆزلەرنى تىلىمغا يىغىپ، سەن مېنى سۆيگەن جاھاندىكى بارلىق سۆيۈشلەرنىڭ جەۋھىرىنى لېۋىڭگە يىغىپ، بىز ئۈچۈن جىنىم، كۆيۈشمۇ، سۆيۈشمۇ... سوۋۇغان ئاشتەك مەززىسىز ئەمدى.

ياق، مەن خاتالاشتىم، بۈگۈن توي، ئەتە يۈز ئاچقۇ، بىزگە يېڭىلىق. ئۈستۈڭدىكى زىبۇ زىننەتلەر ساڭا غەنىمەت، قېيناتام قويغان كاستۇم ـ بۇرۇلكا مەن ئۈچۈن ئۇلجا. مانا بۇ ـ توي، مانا بۇ ـ ۋىسال ئاخشىمى. ئېيتە قېنى! بەختلىكمۇ سەن؟ بەختلىكمۇ مەن!؟

# خاتىرەمدىن ئۆزۈندىلەر

شائىرنىڭ جېنى قەلىمىنىڭ ئۇچىدا. شائىر شۇ قەلىمى ئارقىلىق ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلىشىمۇ ياكى ئۆزىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قەتلى قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

* * *

گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ھەر ۋاقىت قوشكېزەكتۇر. رەزىللىك تۈگىمىگۈچە گۈزەللىك ئۆزىنى نامايان قىلالمايدۇ. شېئرىيەت ئىلمى — گۈزەللىك ئىلمى، گۈزەللىككە تەلپۈنگەن شائىر رەزىللىكنى ھەر ۋاقىت پاش قىلىشى ۋە قامچىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

* * *

شاھ ئۆلسە خانىش يىغلايدۇ، شائىر ئۆلسە خەلق يىغلايدۇ.

* * *

ئەي دوستۇم، سەن مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر بولۇشتىن ئاۋۋال ئائىلىپەرۋەر، پەرزەنتپەرۋەر بول، سېنىڭ ۋەتەنگە، مىللەتكە بولغان ساداقىتىڭ ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىنىسۇن.

* * *

ئەي، دوستۇم، سەن ئاتا - ئاناڭغا نېمە خىزمەت قىلغان بولساڭ پەرزەنتلىرىڭدىنمۇ شۇنى كۈت. سەن ئاتا - ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، پەرزەنتلىرىڭدىنمۇ ساڭا ياخشىلىق يانىدۇ. ناۋادا سەن ئاتا - ئاناڭغا بىۋاپالىق قىلغان بولساڭ، ساڭىمۇ پەرزەنتلىرىڭ ۋاپاسىزلىق قىلۇر، بۇ ئاشۇنداق ئۆتنە جاھان.

* * *

ئەي دوستۇم، سەن باشلىقىڭغا باھا بەرگەندە ئۇنىڭ سەھنىدىكى دەبدەبىلىك سۆزلىرىگە ئەمەس، بەلكى، كۈندىلىك خىزمەتتىكى

ئەمەلىيىتىگە قارا.

※ * * *

بىز "ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس" دەپ مىللىتىمىزنىڭ يېغىرىنى تاتىلاۋېرىپ، ئاخىر بۇ مىللەتنى ئۆگەي ئانىنىڭ خورلىشىغا چىدىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، كوچا مۇتتەھەملىرىنىڭ تاياق - توقمىقىغا قالغان يېتىم بالىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىمىز.

مەن ــ مۈشۈنداق ئىت، مەسچىتكە ماڭغان مۆمىنلەرنى كۆرسەم قاۋاپ ئارام بەرمەيمەن، چۈنكى ئۇلار پاك ھاسىسىنىڭ ناپاك قېنىم بىلەن بۇلغىنىشىنى خالىمايدۇ؛ قاۋاقتىن يانغان مەستلەرنى كۆرسەم تۈگۈلۈپ يېتىۋالىمەن، چۈنكى ئۇلارغا ئالىيىپ قويسامۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى ئىچىدىكى يېرىم بولغان ھارىقى بىلەنلا بېشىمغا ئېتىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ!؟

مەن ــ مۈشۈنداق ئىت، قورسىقىم ئاچسا نىجاسەتنىمۇ ھۇزۇرلىنىپ يەيمەن.

مەن ــ مۈشۈنداق ئىت، يۇرت تىنچىپ قالسا قاۋاپ ئارام بەرمەيدىغان، ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە سىيگىلى كېتىدىغان.

# مەن مۇشۇنداق ئىت

مەن — مۇشۇنداق ئىت، پاپىدىغا سوقۇلۇپ كەتسەم ئۆچۈمنى ئېشەكلىكتىن ئالىمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، ئۆيگە ئوغرى كىرىپ بارلىق بىساتنى يۇدۇپ ماڭسا، غېمىمدە يوق ئۇخلايمەن. بىراق ئىگەم باغنىڭ بىرەر شاپتۇلىغا قول ئۇزاتسا، چىشىم چۈشۈپ كەتكۈچە قاۋايمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، پۇقرا نان بەرسە قولىنى چىشلەيمەن، باشلىق يەنجىسە تاپىنىنى يالايمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، ئۆزۈمنىڭ ئۆلىقىدىكى گۆشنى يېسەم ھېچ تېتىمايدۇ، باشقىلارنىڭ يالىقىدىكى سۆڭەكنى غاجىلىسام، ئۇنىڭ مەززىسىدىن شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگىنىنى ئاڭلىسام، ئاسمانغا قاراپ قاۋاپ بارلىق ئىتلارنى ئويغىتىمەن، يامغۇرنىڭ ياغقىنىنى كۆرسەم قۇيرۇقۇمنى ئىچىمگە تىقىپ ھەممىدىن بۇرۇن ئۇۋامغا كىرىۋالىمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، ئادەملەرنى كۆرسەم قۇيرۇقۇمنى دىڭگايتىمەن، يىرتقۇچلارنى كۆرسەم بېلىمنى پۈكۈپ تۇرىمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، ئۆز قوۋمىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشسام چىشلىشىمەن، ياتلارنى كۆرسەم ئۇلارغا قوينۇمدىكى ۋە قونجۇمدىكىنىمۇ تۆكۈپ بېرىمەن.

مەن — مۇشۇنداق ئىت، مېنىڭ دوستۇممۇ، رەقىبىممۇ يوق، ئەگەر بۈگۈن سىزدىن ماڭا نەپ چىقمىسا مەن بۈگۈن سىزگە قاۋايمەن، ئەكسىچە، ئەتە سىز ماڭا بىر پارچە سۆڭەك تاشلاپ بەرسىڭىز شۇئان ئالدىڭىزدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىمەن.

ئىمىشقا يىغلايدۇ؟ ــ دەپ سوراپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدىم:

ــ بۇرۇنقىلار: "ئىشقى يوق ئىشەك، دەردى يوق كېسەك" دەپتىكەن، بىراق ھازىر جاھان ئۆزگىرىپ كېسەكتە دەرد، ئېشەكتە ئىشق پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا يالقۇنتاغنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى باردۇ، بەلكى يالقۇنتاغ: "سۇنئۇۋكۇڭ، كالادىۋىنىڭ خوتۇنىدىن خاسىيەتلىك يەلپۈگۈچنى ئوغرىلاپ كېلىپ، يالقۇنۇمنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە مەنمۇ تەڭداشسىز يانغىنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن جاھاننى كېچىسىمۇ خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتىم!" دەپ ئۆزىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆچۈپ قالغىنىغا يىغلايدىغاندۇ ۋە ياكى ئۆزىدە ھازىر يالقۇن تۇرماق ئۇچقۇندىنمۇ ئەسەر بولمىسا يەنىلا «يالقۇنتاغ» دەپ ئاتىلىۋاتقىنىغا، ئاتاقتا بار - ئەمەلدە يوق، قورچاق تاغ بولۇپ قالغىنىغا ئازابلىنىپ يىغلايدىغاندۇ.

# يالقۇنتاغنىڭ كۆز يېشى

بىز ئۇيغۇرلاردا ئانىسى ئۆلسىمۇ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقمايدىغان ئادەملەرنى "تاش يۈرەك، باغرى تاش" دەپ سۈپەتلەيدىغان ئادەت بار. شۇنىڭدىن قارىغاندا تاشتىن سۇ چىقمايدىغانلىقتىن ئىبارەت بۇ بىر ھەقىقەت ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك. بىراق، مەن بۇگۈن ئوت يۇرتىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن بىرى بولغان «بۇيلۇق» تا مۇنداق بىر مۆجىزىنى كۆردۈم:

«بۇيلۇق» سەيلىگاھى — ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان يالقۇنتاغنىڭ باغرىدىكى تەبىئىي ئېقىنى ئۆزگە ھاياتلىق مەنبەسى قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ياق، جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ كېلىۋاتقان بىر گۈزەل بوستانلىق ئىكەن. ئارامگاھنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يالقۇنتاغنىڭ باغرىدىن بىر قارىسىگىز خۇددى ئۈنچە - مەرۋايىت تۆكۈلگەندەك، بىر قارىسىگىز گويا تۇغۇتلۇق جۇۋاننىڭ كۆكسىدىن سۈت تەپچىرىگەندەك، يەنە بىر قارىسىگىز بەئەينى يىتىمنىڭ كۆز يېشىدەك سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ئۈششاق تامچىلاردىن ھاسىل بولغان يەنە بىر كىچىك ئېقىن بار ئىكەن.

بۇنى كۆرگەن ھەمراھلىرىم:

— يالقۇنتاغنىڭ ئىچىدە بۇلاق بار ئوخشايدۇ.

— ياق، بۇ دېگەن خۇدانىڭ بەندىلىرىگە كۆرسىتىۋاتقان كارامىتى — دەپ، ھەممىسى ئۆز سەۋىيىسىگە يارىشا يەكۈن چىقىرىشتى، بىراق، مەن:

— بۇ، يالقۇنتاغنىڭ كۆز يېشىكەن، — دېگەنىدىم.

بىر ھەمراھىم مەندىن:

— تاغ دېگەنمۇ يىغلامدۇ؟ راستىنلا يىغلايدىغان بولسا، يالقۇنتاغ

سادىق ئەمەسكەنسەن، سەن مېنىڭ سىنىقىمدىن ئۆتەلمىدىڭ» دەپ كېتىپ قالدى.

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، دىلكەشلىرىم، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقىمدا گەپ يوق. بىراق، بىراۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۆزۈڭ خالىماي قىلغان ئىش شۇنداق سۈنئىي بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا مەندە نە ئامال؟

ئاھ، خۇدا! ئۇ ماڭا قاچانمۇ ئىشىنەر؟!

# سۆيۈلمىگەن ئاشىق

كۆيۈپ قالدىم!

مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىم!

مەن ئۇنىڭغا راستىنلا كۆيۈپ قالدىم!

ئاشىقلىق ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ، دەيسىز. مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغاندىن بېرى ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى مەن ئۈچۈن گويا مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتىدەك شەكسىز بىلىندىغان؛ ھەتتا ئۇنىڭ تاپا - تەنىلىرىمۇ خۇددى رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسىدەك خاسىيەتلىك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىلىۋالغان بولسا كېرەك، مانا ھازىر ئۇ مېنى ئادەم بالىسى بەجا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان بولدى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسكە نېمە ئامال، مەن ئۇنىڭ ئاشىقى تۇرسام. مەشۇقىنىڭ تەبەسسۇمىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاشىقنىڭ، خوجىسىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇلدىن نېمە پەرقى؟ قۇلمۇ سۆز - ھەرىكەتتە خوجىسىغا بويسۇنغان بىلەن كۆڭلىدە ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى قىلالايدۇ، بىراق، مېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىم تۇرماق، ھەتتا خىيالىممۇ شۇ گۈزەلگە باغلانغان. ئۇنىڭ گۈزەل ئوبرازى خىيالىمغىمۇ ھۆكۈمران.

مانا، ئۇ مېنى كۈلۈشكە بۇيرۇدى، مەن كۈلدۈم. يەنە ئۇ مېنى يىغلاشقا بۇيرۇدى، مەن يىغلىدىم. ئاخىر ئۇ مېنى ئۆلۈشكە بۇيرۇدى، مەن ئۆلدۈم، تۇۋا ئۇ مەندىن يەنە رازى بولماپتۇ. ئۇ ماڭا: "سېنىڭ كۈلگىنىڭمۇ، يىغلىغىنىڭمۇ، ئۆلگىنىڭمۇ يالغان، كۈلگەن ۋاقتىڭدا كۆزۈڭدە ياش، يىغلىغان ۋاقتىڭدا چىرايىڭدا تەبەسسۇم، ئۆلگەن ۋاقتىڭدا تومۇرۇڭدا چوغدەك قاننىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. سەن ماڭا

بولغان ساداقىتىمنى ئىپادىلەش، شۇنداقلا باللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈم يىغىلىققا يۈزلەنسەممۇ، يەنىلا شۇ دادامنىڭ بالىسى-دە، مەن بۇ ئۆيدە ناماز ئوقۇسام، تانسا ئوينىسام ئۇ چاپان ماڭا قىلچە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ...“

مەن مېھمانلارغا شۇنداق جاۋاب بەردىم: ”مەن ‘ئەنئەنە‘ نى بۇزدۇم، شۇڭا دادامنىڭ چاپىنىدا تەرلەنمەيمەن، بىراق مېنىڭ ھازىر كاستۇم كىيگەن تېنىم تۇنجى قېتىم ئاشۇ چاپاندا ئۆللىغان، ئۇ — ئائىلىمىزنىڭ تەۋەررۇكى، تارىخنىڭ شاھىتى، شۇڭا مەن ئۇنى مەڭگۇ ساقلايمەن!“

# مەن "ئەنئەنە" نى بۇزدۇم

قايسى ۋاقىتتا، قانچىنچى بوۋامدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بىزنىڭ ئائىلىدە ئوغۇل بالا خەتنە تويىدىن كېيىنلا ئۇزۇن تون كىيدىغان "ئەنئەنە" داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇنىسى قىزىقكى، تون چوقۇم مەللە رەڭدە بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ رەختى مەھەللىدىكى بۆزچىلەر توقۇغان ماتادىن بولۇشى كېرەك.

تونىنىڭ، ئۇتۇنغا ياكى تۈگمەنگە بارغاندا بولسۇن ۋە مەيلى ئۆگزىدە ئاپتاپسىنغاندا بولسۇن، يېرىمىنى سېلىنجا، يېرىمىنى يېپىنچا قىلىپ ئۇخلىغىلى بولىدىغان ئالاھىدىلىكى بار. بىراق تەڭتۇشلىرىم بىلەن سەپەرگە ماڭغاندا ئۇنىڭ ئېغىرلىقى تەرلىتىپ ھاردۇق يەتكۈزسە، كېلەڭسىز ئىككى پېشى پۇتۇمغا يۆگىشىۋېلىپ تولا پۇتلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە مەن دائىم سەپەرداشلىرىمنىڭ ئارقىسىدا قالىمەن.

* * *

مەن بۈگۈن ئۇچامدىكى مەللە توننى پىيازلىققا قارانچۇق قىلىۋېتىپ، بېشىمغا چىمەن دوپپا، ئۇچامغا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتۇمغا خۇرۇم بەتىنكە كىيىپ رەستىگە چىقتىم. مېنىڭ بۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ بەزىلەر شادلاندى، بەزىلەر ھەيران قالدى ۋە بەزىلەر مەسخىرە قىلدى، ھەتتا بىر ئوچۇملار قاغاشتى، پەرۋايىم پەلەك، مەن "ئەنئەنە"نى بۇزدۇم.

مەندىكى بۇ يېڭىلىقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر توپ مېھمانلار ئۆيۈمگە كەلدى...

ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدى ئۆينىڭ تۆر تېمىدىكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇلغان دادامنىڭ تونىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار: "ئەمدى بۇ كونا چاپانىمۇ پىيازلىققا قارانچۇق قىلىپ قويۇڭلار..." دېيىشتى. مەن ئويلاپ قالدىم: "ئۇ چاپانى مەن مەرھۇم دادامغا بولغان ھۆرمىتىمنى، ئەجدادلىرىمغا

ياكى مەن تايچاقنىڭ ئۈستىدىن كۆن بويى چۈشمەي يۈرگەچكە ئۇنىڭ مېڭىشى مېنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالدىمۇ؟ ئىشقىلىپ بۇ تايچاقنىڭ مېڭىشى ئەمدى ماڭا ياقماي قالدى.

مانا ئەمدى ئىتتىك ماڭسا يۈگەننى سىلكىپ تارتىپ بويىنىنى قاڭقايتىمەن، ئاستا ماڭسا زەي قامچا بىلەن سوغۇچقىچە تاراسلىتىپ ئۇرىمەن. ئۇ ھازىر ھەممىگە كۆندى. كۆنمەيمۇ نېمە ئامال...

ھازىر مەن، بۇنىڭدىن كېيىن تايچاقنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە يېڭى - يېڭى ئۇسۇللارنى ئويلاۋاتىمەن.

# ئاجايىپ مەنتىقە

باھار مەۋسۇمنىڭ مەلۇم بىر كۈنى دالا سەيلىسى قىلىۋېتىپ، ياپپېشىل يايلاقتا ئەركىن ئويناۋاتقان، ياق، بەھۇزۇر ئوتلاۋاتقان بىر توپ يىلقىلار ئارىسىدىكى بېشى كىچىك، پاچىقى قىسقا، يايلىسى ئۇزۇن، قورسىقى تۈز... بىر تايچاققا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن شۇ ھامان مەزمۇت بىر قىل ئارغامچىدىن سىرتماق ياساپ، بىر نەچچە قېتىم تاشلىغاندىم، بەختىمگە يارىشا سىرتماق ئاخىر ھېلىقى تايچاقنىڭ بوينىغا چۈشتى. باشقا يىلقىلار بۇنى كۆرۈپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. ھېلىقى تايچاق بولسا دەسلەپتە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، سەكرەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بوينىنى سىرتماقتىن سۇغۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى پەس قىلىپ كەينىگە يېنىپ باقتى. ئامال قانچە، ئاخىر پەسكويغا چۈشتى.

مەن دەسلەپتە ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ ئۇنى باغلاقتا كۆندۈردۈم. كېيىنچە باشۋېغىنى ئاستا - ئاستا يىغدىم. ئاخىر كۆزۈم چۈشكەن ئەركە تايچاقنىڭ باش - كۆزلىرىنى، يايلىسىنى، بەللىرىنى سىلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بوينىدىن قۇچاقلىدىم. سۆڭگىچىگە بىر - ئىككىنى يېنىك ئۇرۇپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ بارلىق ئەركىلىتىشلىرىمگە بىر خىل ئەركىلەش، شوخلۇق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ جىم تۇردى.

كېيىنچە تايچاقنىڭ بېشىغا يۈگەن سېلىپ، دۈمبىسىگە ئىگەر توقۇپ مىنۋالدىم. ئۇ دەسلەپ سەكرەپ چىچاڭشىدى، كىشنەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. كېيىنچە ساغرىسىنى ھەريان ئوينىتىپ سىلىق يورغىلاشقا باشلىدى. مەن ھەممىدىن تايچاقنىڭ يېقىملىق كىشنەشلىرى بىلەن ساغرىسىنى ئوينىتىپ سىلىق يورغىلىشىغا بەك ئامراق بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈن بويى چۈشمىدىم.

تايچاقلارنى بەك كىچىك كۆندۈرسە ئايغى شۇنداق ئاسان بۇزۇلامدۇ

راۋان بولدى، ئىت لېۋىنى يالىغان پېتى ئارقىسىدىن قاراپ قالدى، ئۇ ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بولغۇچە يەنە قانچىلىغان ئىتلارغا چىشلىنەر؟ مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ يولىنى لالما ئىتلار قەدەمدە بىر توسۇپ خىرىس قىلىسمۇ، ئۇ ماڭغان يولىدىن ھەرگىز يانمايدۇ ۋە دادىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ماڭغان يولى ئەجدادلىرى باشلاپ بەرگەن يول، ئەۋلادلىرى ئەگىشىدىغان يول، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ يولدا چەككەن جاپا، تارتقان كۆلپەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ، بىلىنمەيدۇ!...

ئۇ ماڭماقتا، ئۇ، بۇ ئېگىز - پەس يولدا قەدەمدە بىر ئىتقا تالىنىپ، ئىتلار بىلەن ئېلىشىپ ماڭماقتا، ئاھ، ھەم بىچارە، ھەم غالىب ئىنسان!!!

# بىچارە ئىنسان

بىر ئادەم بۇ يولدا، پايانى كۆرۈنمەيدىغان بۇ ئۇزۇن يولدا ئاتا – بوۋىلىرىمۇ مېڭىپ تۈگىتەلمىگەن سەپەرنى داۋام قىلماقتا ... بەش ئەزاسى تولۇق يېتىلگەن تەمبەل بۇ كىشى بىر زورۇقۇپلا تاغنىمۇ يۆتكىۋېتىدىغاندەك، بىر شوراپلا دېڭىزنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدىغاندەك زەبەردەس كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە يەرمۇ تىترىگەندەك، يول بويىدىكى دەرەخلەرمۇ سىلكىنگەندەك قىلاتتى.

"ھاۋ!" دېگەن شۇم ئاۋاز بىلەن تەڭ ئارقىسىدىن بىر لالما ئىت كېلىپ، ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ بىلىق گۆشىگە لەنتى، زەھەرلىك چىشنى سالدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمنى ئىت چىشلىدى. تووۋا، ئۇ ئادەم ۋايىسمىدى، بەلكى بازغاندەك مۇشتى بىلەن ئىتنىڭ بېشىغا بىر نەچچىنى ئۇرغانىدى، ئىتنىڭ چىشى ئۇنىڭ پۇتىدىن ئاجرىدى. بىراق، ئىتنىڭ شۇ چاغدىكى مەنىۋلۇق بىلەن ئۇزۇن تىلنى يۆگەشتۈرۈپ، قان يۇقى لېۋىنى يالاشلىرىدىن بېشىغا تەگكەن مۇشتنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقنى ئېنىق ئىدى. دېمىسىمۇ كۈندۈزى يالاق يالاپ، كېچىسى ئادەم چىشلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ لالما ئىتلارغا ئۇنچىلىك مۇشت، تاياقلار تەسىر قىلاتتىمۇ؟ مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەگەر ئۇ ئادەممۇ ئىتنىڭ پاچىقىنى شۇنداق چىشلەپ، ئۇنىڭمۇ قاقتەك گۆشىنى ئۈزۈپ ئالالىغان بولسا ئاندىن بۇ لالما ئىتمۇ ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا تارتىلغان بولاتتى. بىراق، ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلالمىدى. يەنى ئۆزىنى قەستەن چىشلىگەن ئىتنى چىشلىيەلمىدى ھەم چىشلىيەلمەيدۇ، چىشلىيەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى چىشلىگىنى، چىشلەيدىغىنى ئىت، چىشلىمىگىنى، چىشلىمەيدىغىنى ئىنسان!

قاراڭ، ئۇ ئادەم يەنە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز سەپىرىگە

ئېلىپ ئەمەس، بەلكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆزۈم ئوۋلاش ئارقىلىق ئېرىشتىم. ئانا ماكانىمنىڭ سېخىي قوينىقى ھېچكىمنى، ھېچقانداق يەردە ئاچ قويمايدىكەن.

كەچلىك تامقىم ئۈچۈن ياۋا ئوت - چۆپ بىلەن، ياۋا بۇغداي قايناتتىم. سىلەرنىڭ، ئادەملەردىن يىراقتا ياشىغان جانلىقلارنى "ياۋايى" دەيدىغان ئادىتىڭلار بار ئەمەسمۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ "ياۋايى" دەپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوت - چۆپ، بۇغدايلار ھەرگىزمۇ ياۋا ئەمەس، بەلكى سىز يەيدىغان پارنىكتا ئۆستۈرگەن ئوتياشلاردىن نەچچە ھەسسە شىپالىق ھەم پاكىز. ئانا تۇپراق ئۇنىڭغا تۈگىمەس قۇۋۋەت ۋە ئاجايىپ خاسىيەتلەرنى ئاتا قىلغان!

# تەلۋە مۇھەببەت

مۇھتەرەم مۇھەررىر:

مۇبادا قەلب سارىيىڭىزدىكى خاھىش مەلىكىسىنىڭ ئەمرى بىلەن، قولىڭىزدىكى بۇ ئەسىرىم كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش شەرپىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسا، ئەسىرىمگە قەلەم ھەققى ھېسابلاپ ئاۋارە بولمىغايسىز، چۈنكى مەن پوچتىكەشتىن، ئادەملەردىن تولىمۇ يىراق بىر خىلۋەت ماكاندا، ئىنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان تەكلىماكان چۆلىدە ياشاۋاتىمەن.

بۇنداق دېسەم "ھەي ھىيلىگەر، سەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان خەزىنىلەرنى كۆزلەپ شۇ يەرگە بېرىۋاپسەن!" دەپ يۈرەك جامىڭىزغا ھەسەت شارابلىرى تولمىسۇن. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىم سىزنىڭ پەرىزىڭىزدىن تولىمۇ يىراقتا.

مانا، تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا كېلىدىغان سەلكىن شامال مەڭزىمنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. گەرچە ئۇ، تېنىمنى توڭدۇرۇپ ئۆتسىمۇ، گويا دوستلارنىڭ نەسىھىتىدەك يەنىلا شۇنچە يېقىملىق.

مانا، ھاياتلىق مەنبەسى بولمىش قۇياشنىڭ ئۆز نۇرىنى يەر شارىغا سېخىيلىق بىلەن چېچىشى مېنىڭمۇ بىر كۈنلۈك ھاياتىمنىڭ باشلانمىسى بولدى. مەن ئەتىگەنلىك تاماقىم ئۈچۈن ياۋا جىگدە تېرىپ يېدىم. سىز مېنى مەسخىرە قىلماڭ، چۈنكى بۇ جىگدە سىز نەچچە ئون مېتىر ئۈزۈنلۇقتا ئۆچرەت بولۇپ ئالىدىغان ئىمپورت قىلغان خورمىدىن ئېسىل، چۈنكى بۇنىڭ يىلتىزى ئانا تۇپراققا يېيىلغان.

چۈشلۈك تاماقىم ئۈچۈن كاۋاپ يېدىم. مەن بۇ كاۋاپقا، سىزگە ئوخشاش، ئۆچكىنىڭ گۆشىنى قوينىڭ، ساغلىقنىڭ گۆشىنى ئېرىكنىڭ، تۆت يۈز گىرامنى بىر جىڭ دەپ ساتىدىغان ساختىپەز قاسساپتىن گۆش

ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بۇ بىچارە بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان، ئانىسى بولسا بۇ يېتىم بالىغا ئاتا تېپىش ئۈچۈن ھەركۈنى شۇنداق تانىسغا قاترايدۇ، ئۇنىڭ بۇ بالىغا ئاتا تېپىشتىكى مەقسىتى زادى بالىسى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە ھازىرچە نامەلۇم. پەقەت ئۇنىڭ بالىغا ئاتا تېپىش ئۈچۈن ئېخى يېشىغا يەتمىگەن بالىنى بۆشۈككە تېڭىپ قويۇپ تانىسغا قاترايدىغانلىقى ھەمدە بالىنىڭ رىزقىنى كۆكسىگە يىغىۋېلىپ باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىدىغانلىقىلا ئېنىق.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بالىنىڭ نالە - پەريادى ئەمدى قوشنىلارغىمۇ ئاڭلاندى. نارەسىدىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى ئاڭلىماسقا سېلىشقا ئادەم دېگەننىڭ كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. چۈنكى، يۈرەك دېگەن تاش ئەمەس-تە! شۇڭا بۈگۈن تام قوشنىلار بۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ غوۋغا قىلىشقا باشلىدى:

— يا بالىسغا ئىچى ئاغرىمىسا، ياكى قوشنىلاردىن ئۇيالمىسا، نېمدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ!؟

— بولدى قىلايلى، بالا دېگەن يىغلاپ چوڭ بولىدۇ.

— يىغا دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى بۇ بالا بوغۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن قولۇپنى چېقىپ كىرىپ بالىنى قۇتقۇزۇۋالايلى!

— بالىنى قۇتقۇزىمىز دەپ خەقنىڭ قۇلۇپىنى چاقساق ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالىمىز.

قوشنىلار بىر ھازا تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇ ئانىغا بالىغا ياخشى قاراش ھەققىدە تەربىيە بېرىشنى، ئەگەر يەنە تۈزەلمىسە، بالىنى ئۆزلىرى بېقىۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ تارقاشتى.

مەن ئۇ ئانىغا شۇنداق خىتاب قىلىمەن:

ئەي ئايال، ئەل ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولسۇن، مۇقەددەس ئانىلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشمىسۇن دېسىڭىز، بالىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى ئۆزىگە ئېمىتىڭ!

# شۇنداقمۇ "ئانا" بار

بوۋاق يىغلىماقتا، ئۇنىڭ پۇت - قولى بۆشۈككە چىڭ تېڭىپ قويۇلغان بولۇپ، ئانا سۈتى تەشنالىقىدا بوغۇلۇپ. بوغۇلۇپ يىغلىماقتا…

بوۋاقنىڭ يىغلىشىدىن ئانىسىنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەكتە… مانا ئەمدى بالىسىنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقتى، ياق، ئەرشكە چىقتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئانىسىنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇ يىغىدىن ئانىسىنىڭ بېشى ئاغرىپ خۇشياقمىغان ھالدا بالىغا ئېمىزگە سېلىپ قويدى.

نېمە ئۈچۈن ئېمىتمەيدۇ، دەمسىز؟ چۈنكى ئۇنىڭ كۆكسى ھازىر تازا ئېسىلدى، ياق، كۆتۈرۈلدى. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ تۇرقىدا تانسىغا بارسا ئويما ياقىلىق چېكەن كۆڭلەكتىن يېرىم ئۇچۇق ھالەتتە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق كۆكسى تانسىخانىدىكى رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىدا خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىقىۋاتقان ھىلال ئايدەك كۆرۈنۈپ، يىگىتلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

كىيمىدىن، ياق پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان يىگىتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يادەك ئېگىلىپ، ئۇنى بەس - بەستە تانسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ، تانسىغا تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئاۋۋال چىرايىغا، ئاندىن پۈتۈن تۇرقىغا بىر قۇر قارىۋەتكەنىدىن كېيىن، يىگىتنىڭ كۆزىگە قاراپ بىر تەبەسسۇم قىلىۋېتىدۇ - دە، نازلانغان ھالدا ئاستا ئورنىدىن تۇرىدۇ… ئۇ، شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بالا ئېمىزگىنى دەسلەپ خېلى زوق بىلەن شوراپ باقتى. ئېمىزگە ئۇنىڭ ئاچقان قورسىقىغا دال بولمىغاچقا ئېمىزگىنى چىقىرىۋېتىپ، داۋاملىق يىغلاشقا باشلىدى. بىراق ئۇي ئىچىدە، ئۇنىڭ يىغىسىنى

بولغاندەك، مەنمۇ مۇشۇ مىنۇتلاردا ئىللىق باھارغا شۇنچە تەشنا بولۇۋاتىمەن.

ئاھ! سەن قەيەردە مەن كۈتكەن باھار؟! سېنىڭ ئاپتىپىڭ دەھشەتلىك قىشنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىنى كۆيدۈرگۈچى رادىئاكتىپلىق نۇر، سېنىڭ رەڭمۇرەڭ گۈل چېچەكلەر ئىلكىدە جۇلالىنىپ كېلىدىغان گۈزەل ھۆسن-جامالىڭ تويى بولغان قىزنى ئەسلەتسە، ئەنە شۇ گۈل - چېچەكلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا سېخىيلىق بىلەن چاچىدىغان، ئادەمنى مەست قىلغۇچى خۇشپۇراقلىرى ئىپارنى ئەسلىتىدۇ. ھەر سەھەر گۈللۈككە چىقىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسام، چاچ ۋە مەگزىمنى يېنىك سىيپاپ ئۆتىدىغان سابالىرىڭچۇ تېخى! ئۇنى مېھرىبان ئانامنىڭ خاسىيەتلىك قوللىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟!

غازاڭ پەسلىدە سوغۇقتىن قورقۇپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەن ئۇچار قۇشلارمۇ سەن بىلەن تەڭ بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىدۇ-دە، شادلىق ئىلكىدە چاڭىلداپ سايراشقا باشلايدۇ. قەھرىتانىنىڭ جۇت-شۇۋرغانلىرىدا يەنىلا ئىرادە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشاپ، باھار پەسلىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى زور ئىشەنچ بىلەن كۈتكەن دەل - دەرەخلەرمۇ سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەنلا خۇددى بىر چېۋەر قول ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن تىزغان گۈل دەستىدەك گۈزەل تۈس ئېلىپ، ئىنسانلاردىن تارتىپ ئۇچار قۇشلارغىچە ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، تېنىگە ھۇزۇر، قەلبىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ... سېنىڭ تەرىپىڭ مېنىڭ قەلبىمگە سىغقان بىلەن، ئەگەر قەلبىمنى ئاشكارىلىسام، كائىناتقا سىغمايدۇ. سېنىڭ بۇنداق خاسىيىتىڭ قايسىبىر ۋىجدان ئىگىسىگە ئىرادە ۋە ئۈمىد بەخش ئەتمىسۇن، قايسىبىر ياشنى غايە ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن، بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمىسۇن؟!

ئەھ باھار، سېنىڭ جىسمىڭغا شۇنچە كۆپ مۆجىزىلەر يوشۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېنى خۇددى ئاشىق مەشۇقىنى كۈتكەندەك، ياق، تۇمەنمىڭ ئاشىقنىڭ تۇمەنمىڭ مەشۇقىغا بولغان مۇھەببىتىنى قەلبىمگە

# باھار تەشنالىقى

بەزى ئادەملەر ئىت تالاشتۇرۇشقا، بەزىلەر كەپتەر بېقىشقا، بەزىلىرى ۋاپادار ئايالنى زار - زار يىغلىتىپ، كوچا خوتۇنلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا، بەزىلىرى غەيۋەت قىلىشقا ۋە يەنە بەزىلىرى ھوقۇق تۇتۇشقا... ھېرىسمەن بولغىنىدەك، مەنمۇ مەيلى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە بولسۇن، مەيلى زىمىستان قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە بولسۇن، ئۆيدە تۆت تامغا ئەسىر بولۇپ دىمىقىپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە، سىرتتا يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە كوچىغا چىقتىم.

دېكابىرنىڭ كىرىشى بىلەنلا سوغۇق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، شۇۋىرغان ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋەھشىلىك ھوۋلىماقتا. ئەزەلدىنلا يۇمشاق ۋە ئاق يارىتىلغان قارمۇ يۈزلىرىمگە خۇددى چويۇن پارچىلىرىدەك غەزەپ بىلەن ئۇرۇلماقتا. سىبىرىيىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بۇ رەھىمسىز سوغۇق يوشۇرۇپ قېلىشقا مۇمكىن بولمىغان چۆچۈرىدەك قۇلاق ۋە ئالمىدەك چىرايىمنى چاياندەك چاقماقتا.

يول بارغانچە تېيىلغاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مېڭىش بەكمۇ قىيىن، "سۇت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن بىرگە چىقار" دېگەنىدەك، مەن يەنىلا ئۆيگە قايتىشنى خالىمايمەن، ئەگەر يىقىلىپلا كەتسەم، مېنى يۆلەپ قويىدىغان ياخشى نىيەتلىك بىرسىنىڭ چىقىشىدىن چىقماسلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن، چۈنكى، ھەممە ئادەم ئىسسىق ئۆيلىرىگە تېزرەك بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىماقتا، بۇنداق سوغۇقتا جىم تۇرۇش تېخىمۇ خەتەرلىك!...

سەھرايى كەبىر چۆلىگە بېرىپ قالغان ئادەم سۇغا تەشنا

# كەچمىشلىرىم

بۇرۇتۇم خەت تارتىپ، ئاۋازىم بومىلىشىپ، قوشنىلارنىڭ قىزلىرى مېنى كۆرسە خۇددى شەپەقتەك قىزىرىپ، يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغان ھېلىقى چاغلاردا مەن قاندداقتۇر بىر ئىچكى ئىشىللىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، دادامدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان ئىككى تارىلىق قوپچى راۋابىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆزۈمچىلا تىرىكىشىشىدىغان بولۇپ قالدىم.

كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن راستىنلا راۋابچى بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، راۋابقا تەگكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشامنى ئاڭلاش ئۈچۈن قوشنىلار ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئاق ئۆجمىنىڭ تۈۋىگە ھەر كۈنى ئۆزلۈكىدىن يىغىلىدىغان بولۇپ قېلىشتى. مەن بولسام ئاق ئۆجمىنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ شولىسى ئاستىدا چېكەمدىن ئاققان تەرنى شاپاق دوپپام بىلەن ئېرتىۋېتىپ ناخشىنى بولۇشىغا توۋلايدىغان بولدۇم:

مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
تۇتقۇزمايسەن قولۇڭنى،
بىرنى سۆيسەم ئۆلەمسەن!؟
...

ناخشامدىن ھوزۇرلانغان قېرىلار ساقاللىرىنى سىلىشىپ: «بۇ بالا راستىنلا ئاشىق بولۇپتۇ» دەپ، ئۇھ تارتىپ تارقىشىپ كېتىدىغان بولۇشتى. بىراق مەن ئۇ چاغدا بوۋايلارنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن «ئاشىق بولۇپتۇ» دېگەنلىكىنىڭ تەگىگە يېتەلمىگەنىدىم. ئۆزۈمنىڭ قوشنامنىڭ

مۇجەسسەم قىلىپ، يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتىمەن، مانا شۇ تاپ سەن ئېلىپ كېلىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن بېقىشلىرى، قۇشلارنىڭ شادىيانە سايراشلىرى، يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئاخشاملىرى بىر-بىرىگە يېقىملىق پىچىرلاشلىرىنىڭ زىلال سۇلارغا تەڭكەش بولۇپ يىراق-يىراقلارغا ئېقىپ كېتىشلىرى... كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا. تەپەككۇر قۇشلىرىم پەرۋاز قىلماقتا. ساڭا تەشنا بولۇپ ئۇرغۇۋاتقان قانلىرىم تومۇرۇمدا ئىسيان قوزغىماقتا! سەن قەيەردە مەن كۈتكەن باھار!

كىشلەردىن چىقىشى مۇمكىن ئىدى، مەندەك بىر تۇزۇكرەك ئوقۇيالمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچە ـ كۈندۈز بىر قىزنى ياد ئېتىپ، شۇ قىزنىڭ پىراقىدا يۈرىكى پېرىلايلا دەپ قالغان بىر مەجنۇننى قانداقمۇ شائىر دېگىلى بولسۇن!؟ بىراق كىشلەر مېنى شائىر ئاتاۋەردى، شائىر دەپ ھۆرمەتلەۋەردى، شائىر دەپ، ئوقۇغان نەزمىلىرىمنى بەزىلەر خاتىرىسىگە، يەنە بەزىلەر يۈرىكىگە كۆچۈرۈۋەردى، ماختاش، شۆھرەت دېگەنلەر ئادەمنى ئازدۇرىدىغان ئەڭ رەزىل شەيتان ئىكەن. ئەمدى مەن ئاشىقلىقتىن ۋاز كېچىپ شائىر بولماقچى، ھەققىي شائىر بولماقچى بولدۇم. چۈنكى ئاشىق ئاتالغاندا، كىشلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئاددىي بىر قىزنىڭ ئالدىدىمۇ ياپراقتەك تىترىدىم. شائىر ئاتالغانىدىم، پۈتۈن خەلق ماڭا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن سالام بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ نەزىرىمدە شائىرلىقنىڭ شۆھرىتى ئاشىقلىقنىڭ لەززىتىنى بېسىپ چۈشتى. مەن ئەمدى ھەققىي شائىر بولۇش ئۈچۈن بىلىمنى مەھكەم باغلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىدىم. ياق، مەن شېئىرنى يېزىپ ئەمەس، بەلكى فابرىكچى رەخت توقۇغاندەك ئىككى قوللاپ توقۇپ چىقىرىدىغان بولدۇم:

كېچە دېگەن قاراڭغۇ،
تاڭ ئاتقاندا يورۇيدۇ.
يىيىپ قويساڭ كىر يۇيۇپ،
ئاپتاپ چىقسا قۇرۇيدۇ.

مەتبۇئاتنىڭ نەرىگە قارىماڭ مېنىڭ مۇبارەك ئىسمىم خۇددى ساختا مالنىڭ ئېلانىدەك كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدىغان بولدى، مەن ئەمدى تېخىمۇ چوڭ ھۆرمەت تەمەسىدە گىدىيىپ يۈرۈۋەردىم. ئەپسۇس، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاق ئوغۇت سالغان بۇغدايىنىڭ ئېنىنى تولا يەپ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنمىكىن تاڭ، ئۇلار ئەمدى مېنى كۆرسە

ھېلىقى قىزنىڭ راستتىنلا كۆيۈپ قالغانلىقىمنى كېيىنچە ھەققىي ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن مۇھەببەت قوشاقلىرىنى يادقا ئالدىم، مۇھەببەت داستانلىرىنى ئوقۇدۇم، داستاندىكى ئاشىق يىگىتلەرگە غايىۋانە دەرد تۆكتۇم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. كېيىنچە ئۆزۈممۇ مۇھەببەت قوشاقلىرى توقۇدۇم، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇدۇم. ھەتتا ھەربىر ئېغىز سۆزۈممۇ خۇددى شېئىردەك مەزمۇنلۇق، قاپىيىلىك چىقىدىغان بولدى.

ناھايىتى ئەپسۇس، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىمنى مەشۇقۇمغا ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى ماڭا ياشتا چوڭراق بىر دوستۇم: "ئەگەر سەن بىرەر قىزغا كۆيۈپ قالساڭ، كۆيۈپ قالغانلىقىڭنى ھېچكىشىگە تىنماي قىرىق كۈن مەخپىي ساقلىساڭ، سېنىڭ قەلبىڭدىكى مۇھەببەت ئوتى قىرىق بىرىنچى كۈندىن باشلاپ شۇ قىزنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپ، ئۇ سېنى ئىزدەشكە باشلايدۇ..." دېگەنىدى. شۇڭا مەن ئۇ قىزنىڭ ماڭا ئاشىق بولۇشىنى، خاسىيەتلىك قىرىق بىرىنچى كۈننىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى قىسقىسى، ئاشۇ قىزنىڭ مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم.

ئۆزۈمنىڭ ئاشىقلىقىمنى، قەلبىمدىكى يىلىنجاۋاتقان مۇھەببەت ئوتىنى پەقەت شىركەيپ بولغان ۋاقىتىمدىلا قاۋاقتىكى ئۆلپەتلىرىمگە ئوتلۇق مىسرالارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سىرتقا چىقىراتتىم. بۇرۇن ئۆپكە ـ قېرىنىنى زاكۇسكا قىلىپ ھاراق ئىچىدىغان بۇ ئۆلپەتلىرىم مانا ئەمدى مېنىڭ مۇھەببەت نەزمىلىرىمنى زاكۇسكا قىلىپ ھاراق ئىچىدىغان بولدى. مېنىڭ ئوقۇغان نەزمىلىرىم ئاشۇ مەستلەر ئارقىلىق قاۋاقتىن چىقىپ ئەل ـ جامائەتكە تارقىغان چېغى، مانا ئەمدى كىشىلەر مېنى كۆرسە "بۇ يىگىت شائىر بولۇپتۇ..." دەپ ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولدى.

توۋا، مەن شائىر بولۇپتۇمشمەن، شائىر دېگەن مەخسۇس مەكتەپ پۈتتۈرگەن، مەيدىسىگە قەلەم قىسىپ، بويىنغا گالستۇك تاقاپ يۈرىدىغان

# خىزىر ھەققىدە خىياللار

مەن تولىمۇ كىچىك ئىدىم، دادام نەگىدۇر سەپەر قىلماقچى بولدى. سەپەر خۇرجۇنىنى يۈدۈپ ماڭغان دادامنى ئانام دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە: "سىلىگە خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەمراھ بولغاي!" دەپ يولغا سالدى. مەن: "خىزىر ئەلەيھىسسالام دېگەن دادامنىڭ سەپەردىشىمدۇ، ياكى دادامنىڭ مەن بىلمەيدىغان تۇغقىنىمدۇ؟ ۋە ياكى..." دەپ ئويلاپ قالدىم...

خېلى ئەقلىمگە كەلگەن چاغلار بولسا كېرەك، ئۆيىمىزگە خۇرجۇنلۇق بىر مېھمان كىرىپ كەلدى، ئۇ قىلچە تۇرۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن سۆزىگە چۈشۈپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىككى يېنىغا ئېغاڭلاپ ئولتۇرۇپ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى. كېيىن ئانام ئەپچىقىپ بەرگەن بىر كورا قوناقنى خۇرجۇنىغا قۇيۇپ بولۇپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: "سىلىگە خىزىر ئەلەيھىسسالام مەدەت قىلغاي! ئامىن!..." دەپ چىقىپ كەتتى. مەن: "خىزىر ئەلەيھىسسالام دېگىنى ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى ئوخشايدۇ، بولمىسا نېمە ئۈچۈن بۇ كىشى بىزدىن قوناق ئېلىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ؟ چۈنكى بىز قوناقنى شۇ ئامبارچىدىن..." دەپ ئويلاپ يۈردۈم.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بوۋام ئۆلۈپ كەتتى. مەنمۇ بېلىمگە ئاق باغلاپ دادامنىڭ يېنىدا تۇردۇم. نامازغا كەلگەن ئادەملەر ھەققەتەنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قوللىرىم تېلىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن دادامدىن:

— نامازغا كەلگەن ئادەملەر نېمە ئۈچۈن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ؟

— دەپ سورىغانىدىم، دادام:

بۇرۇنقىدەك ئۇن قەدەم نېرىدىن سالام بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە: "بىچارە يىگىت، بىر ئۇبدان شېئىر يېزىۋاتقانتى، قانداق جىن سوقتىكىن، ياپياش تۇرۇپ ساراڭ بولۇپتۇ..." دەپ ياقىسىنى چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ھەتتا قاۋاقچا كىرسەم بۇرۇن ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇن بوشىتىدىغان، سورۇننىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدىغان كونا ئۇلپەتلىرىممۇ ئەمدى مېنى كۆرۈپلا ئىچىۋاتقان ھاراقلىرىنى بوتۇلكىسى بىلەن كۆتۈرۈپلا قاۋاقنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئىنسان بۇ دۇنياغا تەييار بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. پىلە قۇرتى جېنىدا ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بەدىلىگە، بىز ئىنسانلارغا مەشۇت تەقدىم قىلىدۇ ... مېنىڭ دەرسخانىدىكى مۇنبىرىم ھەرقانداق شاھنىڭ تەختىدىن يۇكسەك... شارائىتى بارلىكى ئادەم ئوقۇتقۇچىلىقتىن ۋاز كەچسە، ئۆزىنىڭ جاپاسىنىلا كۆرۈپ جەمئىيەتكە بولىدىغان تۆھپىسىنى كۆرمىسە، ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى نېمە بولماقچى؟...

ئۇ سۆزلىمەكتە، بارغانچە ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە ... مەن شۇ تاپ قانداقتۇر بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك، بىر قىين تېپىشماقنى تاپقاندەك بولدۇم. مەن ھازىرغىچە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن خىزىر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ مۇشۇ مۇئەللىم، ياق، بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشايدىغان، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان، چەكسىز خەلق تۇپى ئىچىدىكى جاپاكەش مۇئەللىملەر ئىكەن، ئەسلىدە!

ھۆرمەتلىك كىتابخان: خىزىر ئەلەيھىسسالام يەر شارىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن پەرىشتىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىلار خىزىر دېگەن غايىۋى ئوبرازنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن يارالغان ئىنسانلارمۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزىڭىز جاۋاب تاپقايسىز!

— مېيت نامىزىغا خىزىر ئەلەيھىسسالاممۇ ئادەم سىياقىغا كىرىپ كېلىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنىڭ سۆڭىكى يوق... شۇڭا نامازغا كەلگەنلەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئەگەر خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ئۇچراتقان ئادەم نېمە ئارزۇسى بولسا شۇنى تىلىسە ئ... بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇدانىڭ ئەلچىسى، ئۇ ئادەملەرگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلىش ئۈچۈنلا بۇ پانىي ئالەمدە تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە شۇنداق ئاددىي ئادەم سىياقىدا ياشايدۇ. بىراق، ئادەملەر خىزىر ئەلەيھىسسالامنى دەماللىقا تونۇيالمايدۇ... — دېدى.

دادامنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە ئۇ زاتقا بولغان غايىبانە ھۆرمىتىم ۋە ئۇنى بىر كۆرۈشكە بولغان ئىنتىلىشىم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى...

بۇ يىل «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» كۈنى ئۇن نەچچە ساۋاقداش توپلىشىپ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىمىزنى يوقلاپ باردۇق. مۇئەللىمنىڭ چېچىدىكى ئاق، چېكىسىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەن، بېلى بىرئاز مۈكچەيگەن بولسىمۇ، كۆزى يەنىلا بۇرۇنقىدەك نۇرلۇق، ئۆزى يەنىلا بۇرۇنقىدەك روھلۇق ئىدى. بۇرۇن بەك تېز سۆزلەيتتى، ھازىر سۆز ئارىلىقىدا بىر ئاز توختىۋېلىپ، ھەربىر سۆزنى خۇددى ساپ ئۆگۈتەك دانە - دانە قىلىپ چىقىرىدىغان بولۇپتۇ. ئەسلىدىكى تۆت نوپۇسى ھازىر ئالتىگە كۆپىيىپتۇ، ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى ئېخچە ئۈچ ئېغىز بولماپتۇ.

ئەمەل تۇتقان ساۋاقدىشىمدىن بىرسى مۇئەللىمگە:

— سىز بەك جاپادا قاپسىز، كەسپىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ، شەھەرگە يۆتكەپ كېتەيلى، — دېگەندى، مۇئەللىمنىڭ چىرايى قارىداپ، نەپسى قىسىلىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەممىمىز ئوڭايسىزلاندۇق... بىر ئازدىن كېيىن مۇئەللىم ئەسلىگە كېلىپ، خۇددى ئوقۇغۇچى ۋاقتىمىزدا سىنىپ يىغىنى ئاچقاندەك بىزگە مېھربانلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

پەس"، دەپ ناھەقچىلىق ئۈستىدىن، ئىگىز - پەسلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىنىم.

دادام ماڭا: "جاھاندىكى ناھەقچىلىق سۆڭگۆچ تۈز ئۆچقاندا تۈزىلىدۇ" دېگەنىدى.

— سەن بۇنداق جاھىللىق قىلماي تۈز ئۇچساڭ بولمامدۇ؟ ھەممىمىز بۇ جاھاننىڭ تۈزەلگىنىنى بىر كۆرسەك! — دېدىم مەن سۆڭگۆچكە.

سۆڭگۆچ:

— ئادەملەر قىلغۇلۇقنى ئۆزلىرى قىلىپ بولۇپ، ناھەقچىلىقنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭ ئۇچۇشۇمغا دۆڭگەپ قويسا دۇرۇس بولامدۇ؟ جاھاندىكى ناھەقچىلىق قاچان تۈزەلسە مەن شۇ چاغدا تۈز ئۇچۇۋېرىمەن، شۇڭا سەن ئالدى بىلەن مېنىڭ تۈز ئۇچۇشۇمنى تىلىمەي، جاھاننىڭ تۈزىلىشىنى تىلە، — دېدى - دە، يەنە شۇنداق ئىگىز - پەس ئۇچۇپ كەتتى.

راست ئەمەسمۇ؟ ھەممىدىن مۇھىمى جاھان تۈزەلسە، ناھەقچىلىقمۇ تۈگەيدىكەن. ئۇ چاغدا سۆڭگۆچمۇ تۈز ئۇچىدىكەن.

مەن ئاخىر گۇناھ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئادەملەردىن:

— ھەي ئىنسانلار، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئادىل قىلساڭلار، ناھەقچىلىق قىلمىساڭلار، ئەلمىساقتا ھەممىمىز ئوخشاش يارالغاندىكىن ھەممىمىز ئوخشاش، خاتىرجەم ياشىساق بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئادەملەر ماڭا:

— بىزدە نېمە گۇناھ؟ بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى - يامان ئەتمىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنى ياراتقۇچى ئاللانىڭ ھۆكمى بويىچە بولغان، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما مەن ئىدىيەمدىن زادىلا ئۆتمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى يېزىپ سىزگە ئەۋەتتىم، كۆرۈپ چىقىپ دەردىمگە دەرمان بولغايسىز!

# ئىككى مەكتۇپ

سالام! ئىرپان ئاكا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ خەت ئارقىلىق بولسىمۇ بىردەم مۇڭدىشايلى:

مەن بۇ پانىي دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگىنىم ناھەقچىلىق بولدى، ئەقلىمگە كېلىپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا تۇنجى ھېس قىلغىنىم يەنە شۇ ناھەقچىلىق بولدى. مەن بىر كۈنى دادامدىن:

— دادا، ئاللا نېمە ئۈچۈن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى لىللا قىلىپ ياراتمايدۇ؟ — دەپ سورىسام، دادام ماڭا:

— ئوغلۇم، ئاللا ئەسلىدە بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى لىللا قىلىپ ياراتقان، بىراق ئادەملەر شۇنداق رەھىمسىز بولغاچقا بۇ ناھەقچىلىقنى ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان، — دېدى.

— جاھاندىكى ناھەقچىلىق قاچان تۈگەيدۇ؟ — دەپ سورىسام، دادام:

— بۇ جاھاننىڭ ناھەقچىلىقى سۆڭگۈچ قاچان تۆز ئۈچسا شۇ چاغدا تۈگەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

مەن شۇنىڭدىن باشلاپ سۆڭگۈچنىڭ ئۇچۇشىغا نەزەر سالىدىغان بولدۇم، سۆڭگۈچ راستىنلا ئېگىز - پەس ئۇچىدىكەن. مەن نەچچە يىلدىن بېرى سۆڭگۈچنىڭ تۆز ئۇچۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان ۋە نەچچە قېتىم ئاللادىن تىلىگەن بولساممۇ، لېكىن سۆڭگۈچ يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئۇچۇۋەردى، مەن ئاخىر تاقەت قىلالماي سۆڭگۈچتىن سورىدىم:

— سۆڭگۈچ، سەن نېمە ئۈچۈن ئېگىز - پەس ئۇچىسەن؟

— مېنىڭ ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇم "جاھاندىكى ئىشلار ئېگىز -

ھېكايىنى تەپسىلىي ئوقۇغىنىڭىز، يۇقىرىقى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب تاپالايسىز:

سىز بۇرۇن ئاستانىگە كېلىپ باققانمۇ؟ ئاستانىگە كېلىپ ۋاڭ فۇجىڭنى كۆرمەي كېتىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، چۈنكى بۇ كوچا بىرىنچىدىن، ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ يېنىدا؛ ئىككىنچىدىن، بۇ، ئاستانىدىكى ئەڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى.

مەن ئۆتكەن ھەپتە ئەنە شۇ ۋاڭ فۇجىڭدىكى «شىنخۇا كىتابخانىسى»غا بېرىپ، «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى» دېگەن كىتابتىن بىرنى سېتىۋالماقچى بولۇپ پىركازچىكقا تالون يازغۇزدۇم-دە، ئۇدۇل پۇل تۆلەش بوتكىسىغا بېرىپ، يانچۇقۇمدىن پۇلنى ئېلىپ كاسسىرغا تەڭلىدىم. مەن كاسسىرغا پۇل تەڭلەپ تۇرسام ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى پۇلنى ئالماقتا يوق، ئەكسىچە چىرايىمغا شۇنداق بىر مەنىلىك قاراپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ تالونلىرىغا تامغا بېسىپ بېرىپ يولغا سېلىۋاتىدۇ. مەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئەتراپقا قارىسام، باشقىلار كىتابقا پۇل تۆلەش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغانلار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېنىڭ ھاماقەتلىكىمگە مەسخىرە نەزىرى بىلەن قارىسا، بەزىلىرى مېنىڭ يولسىزلىقىمدىن رەنجىگەندەك ئالىيىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا: "شىنجاڭرېن، شىنجاڭرېن" دەپ مېنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. مەن شۇندىلا كاسسىرنىڭ ماڭا نېمە ئۈچۈن مەنىلىك قاراپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ ئاستا بېرىپ 20 ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ئۆچرەتتە تۇردۇم. ئەمدى ئالدىمدىكىلەر ماڭا رازىمەنلىك بىلەن قاراشتى. بىراق، مەندە نېمە گۇناھ؟ مەن بۇرۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ كىتاب سېتىۋېلىپ باقمىغان، ھەتتا كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغانلارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسام! ئىنىم، سىز كۆرۈپ باققانمۇ؟

خەير، سىزگە بەخت تىلەپ:

ئاكىڭىز ئىرپاندىن.

1. باشقىلار بىر ۋاقىلىق تاماقىغا بىر نەچچە خىل قورۇما ئىستېمال قىلسا، مەن بىر خىل قورۇمىنى بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلىمەن. ئاللا مېنىمۇ ئاشۇنداق رىزقى كەڭ قىلىپ ياراتقان بولسا نېمەتلىرى كەملەپ كېتەرمىدى!؟

2. باشقىلار زىياپەت ـ تانسىلارغا، توي ـ مەرىكىلەرگە، سەيلە ساياھەتلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلىرىدا بەھوزۇر ئولتۇرۇپ بارسا، مەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگىمۇ كونا ۋېلىسىپىتىمنى غىچىرلىتىپ بارىمەن. ئاللا مېنىمۇ ئاشۇلاردەك ماشىنىدا ماڭىدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ ماشىنا كۆرسەتكۈچى كەملەپ قالارمىدى!؟

3. باشقىلار خىزمەتكە چىقىپلا تاماغا تۇتۇشنى ئۆگەنسە، مەن دەم ئېلىشقا چىققۇچىمۇ قەلەم تۇتۇشنى بىلەلمەي ئاۋارە. ئاللا مېنىڭمۇ قولۇمنى نەگە ئۇزاتسام شۇ يەرگە يەتكۈدەك قىلىپ ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ ئابرۇيى تۆۋەنلەپ كېتەرمىدى!؟

4. باشقىلار بىر ـ بىرىنى يۆلەپ دوك بولۇپ كەتسە، مەن قېرىنداشلىرىمنى غاجاپ كۆماك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئاللا مېنىمۇ شۇلاردەك كۆيۈمچان قىلىپ ياراتقان بولسا، ئىگەمنىڭ ۋاپا خەزىنىسىنىڭ بەرىكىتى تۆگەپ كېتەرمىدى!؟

5. بەزىلەر يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەممە يېرىدە سەيلە قىلىپ يۈرسە، مەن يۇرتۇمدىن بىر قەدەم سىلجىماي يۈرىمەن. ئاللا مېنىمۇ ئاشۇنداق ھەممە يەرگە بارالايدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، مەن ئۇنىڭ جەننىتىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالارمىدىم!؟

دېمەكچى بولغانلىرىم بۇنىڭدىنمۇ جىق ئىدى، بىراق ھازىرچە شۇنچىلىك دەپ تۇراي، بۇ ناھەقچىلىقلارنىڭ قاچان تۈزىلىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب بەرگەيسىز!

خەير، جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن، ئىنىڭىز: بىئامالدىن.

سالام! ئىنىم بىئامال، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن سىزگە، ئاستانىگە كېلىپ يولۇققان مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، شۇ

ئەكىرىپ كېتىشىدىن قورقتۇم. ئاخىر يىگىتلىك غۇرۇرۇم قورقۇنچاقلىقىم ئۈستىدىن غالىب كەلدى. دېڭىزغا كېلىپ ھۆل بولماي كەتسەممۇ بولماس، "ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە" دەپتىكەن، بېلىمگىچە بولسىمۇ چۆمۈلۈپ چىقاي دەپ تەۋەككۇل قىلدىم.

ئىسست! ئۇششۇقچە ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن. قاراڭ، بېلىمگىچە تۇرماق، ھەتتا گېلىمغىچە، ئاخىردا خېلى يەرلەرگىچە ئىچكىرىلەپ بېرىپمۇ باقتىم. دېڭىز دولقۇنى ئادەمنى قوينىغا تارتماستىن، بەلكى قىرغاققا ئىتتىرىدىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بىزنىڭ دەريالارنىڭكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن.

## يالىڭاچلىنىش

دېڭىز بويىدىكىلەر يالىڭاچلىنىپتۇ.

دېڭىز دېگەن ئاجايىپ قۇدرەتكە، ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەن. دېڭىز بويىغا كېلىپلا ساھىلدا يېرىم يالىڭاچ يۈرۈۋاتقان ئەر-ئاياللارنى كۆرگىنىمدە ھەيرانلىق، قورۇنۇش ئىچىدە بىر ئاز گاڭگىراپ قالدىم. چۈنكى ئارىمىزدا ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ، قىز ساۋاقداشلىرىمىزمۇ بار ئىدى.

دەسلەپكى كۈنى قىزلار باشقا جايدا، مۇئەللىملەر باشقا جايدا، بىز باشقا جايدا چۆمۈلدۇق. دېڭىزدىكى، قىرغاقتىكى، ساھىلدىكى سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيگەن ئاياللار قۇياش نۇرىدا خۇددى ئالتۇن بېلىقتەك يالتىراپ بۇ يەرگە بىرخىل سېھرىي كۈچكە ئىگە گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ جەلپكار بەدەنلىرى مېنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمنى قانچە مەپتۇن قىلىۋالغان بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۇلارغا قاراشقا پېتىنالمايتتىم. بىراق ئۇلار خۇددى مېنى كۆرمەيۋاتقاندەك يېنىمدىن بىخارامان ئۆتۈشۈپ يۈرەتتى.

ۋاقىت، رېئاللىق ھەممىنى ئۆزگەرتىدىكەن. ئەتىسىدىن باشلاپ قىزلارمۇ، مۇئەللىملەرمۇ ھەممىمىز بىر يەردىلا چۆمۈلۈۋەردۇق. دېڭىزدا

# بېيدەيخىدىن سۆزگەن ئۈنچىلەر

## دېڭىز قوينىغا ئادەم تارتىدىغان

مانا بۇ ــــ دېڭىز. مانا بۇ مەن ئۇزۇندىن بېرى نامىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزىنى كۆرەلمەي كېلىۋاتقان بېيدەيخې. مانا بۇ، بىر كۆرۈشكە ياق، دولقۇنلىرىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈشكە تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس سەيلىگاھ.

ئون يىلدىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان: "خەپ دېڭىز، سېنىڭ ۋەسلىڭنى قۇچۇش ماڭا قاچان نېسىپ بولىدىكەن، قوينۇڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، بېلىقتەك شۇڭغۇپ، دولقۇنلىرىڭدا قېيىقتەك قىيغىتىپ يۈرۈدىن راسا بىر چىقمىسام" دېگەن خىياللىرىم مانا ئەمدى دېڭىز ساھىلىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بۇژغۇنلاردەك بىردەمدىلا يوقالدى.

مەن يەر تەۋرىگەندە كۆل سۈيىنىڭ داۋالغۇغىنىنى، شامال چىققاندا ئامبار سۈيىنىڭ دولقۇنلىغىنىنى، كەلكۈن كەلگەندە دەريا سۈيىنىڭ ئۆركەشلىگىنىنى كۆرگەن. خىيالىمدا دېڭىز سۈيىمۇ شۇنچىلىك دولقۇنلايدۇ ھەقچان، دەپ يۈرگەنتىم. ئەمدى قارىسام دېڭىز سۈيى قىرغاقتىكى خادا تاشلارغا ئۆزىنى شۇنداق زەرب بىلەن ئۇراتتىكى، ھەيھات! بۇ كۆرۈنۈش پەيلىرىنى پاخپايتىپ پەنجە قويۇشۇۋاتقان خوراز، بەل تۇتۇشۇپ كۈچ سىنىشىۋاتقان پالۋان، ئات ئۈستىدە قىلچىلىشىۋاتقان باتۇرلارنى ئەسلىتەتتى.

خىيالىمدىن ئويغىنىپ قارىسام، ھەمراھلىرىم ئاللىقاچان كىيىملىرىنى سېلىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ بولۇپتۇ. بېشىم قاتتى، چۈشمەي دېسەم باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمەن، ئۇنىڭغا يىگىتلىك غۇرۇرۇم يول قويمايدۇ. چۈشەي دېسەم، دېڭىز دولقۇنىنىڭ مېنى ئۆز قوينىغا شوراپ

تەلمۈرۈۋاتقان كۆزلەر سان ـ ساناقسىز ...

قۇياشنى كۈتۈش ئۇدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا بىز ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلمەستە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، دېڭىز قىرغىقىدىكى «كەپتەر ئۇۋىسى» دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا قاراپ ماڭىمىز، تاغقا يېقىنلاشقاندا توسۇقچىلارغا 15 يۈەندىن پۇل تۆلەيمىز. ئاندىن مىڭ بىر جاپادا تاغقا چىقىپ سائەت سەككىز ـ توققۇزلارغىچە ئەنە شۇنداق تەقەززالىق بىلەن قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتىمىز. قۇياشنىڭ چىقىدىغان ۋاقتى توشقاندىن كېيىن يەنە مەيۈسلەنگەن ھالدا تاغدىن قايتىپ چۈشىمىز. بىراق مېنىڭ بۈگۈنكى كۈتۈشۈم، بۈگۈنكى تەقەززالىقىم ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. بۈگۈن بىزنىڭ قايتىپ كېتىدىغان كۈنىمىز. ئەگەر قۇياش بۈگۈنمۇ چىقمىسا بۇ يەردىن مەڭگۈلۈك ئارماندا ئايرىلىشقا توغرا كېلەتتى.

كۈتۈۋېرىپ سەۋر قاچىمىز توشاي دېگەندە ئاخىر قۇياش چىقتى. چىقتىيۇ بىز كۈتكەن چاغدا ئەمەس، بەلكى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە، چۈشكە يېقىن چىقتى. قۇياشتا نېمە گۇناھ، لەنتى بۇلۇت ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان تۇرسا، قۇياش دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ بولغاندا، جەزبىدار نۇرلىرىنى باشقا جايغا تۆكۈپ بولغاندا ئاندىن قۇياشنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپتۇق. بۇنداق كۆرۈشنىڭ ھېچبىر پەيزى بولمايدىكەن.

تاغدىن چۈشۈۋېتىپ قۇياشتىن رەنجىشنىڭمۇ، بۇلۇتنى تىللىشنىڭمۇ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئويلىسام، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سودا شىركەتلىرى، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى، كارخانىلار ۋە باشقا تارماقلار لاتارىيە بېلەتى دەمدۇ، مۇكاپاتلىق مال سېتىۋېلىش دەمدۇ، مۇكاپاتلىق ئامانەت قويۇش دەمدۇ ئىشقىلىپ ھەرخىل مۇكاپاتلىقلارنى بەك تولا ساتتى. مەن ھەر قېتىم ئاشۇ "مۇكاپاتلىق" لاردىن بىرنەچچە ئون يۈەنلىكتىن تارتىپ، بىرنەچچە مىڭ يۈەنلىككىچە سېتىۋېلىپ باققان، بىراق ماڭا بىرەر قېتىممۇ مۇكاپات چىقىپ باقمىغانىدى. شۇ چاغدا بىر

بىللە چوڭمۇلدۇق، قىرغاقتا بىللە رەسىمگە چۈشتۇق. ساھىلدا قۇمغا بىللە كۆمۈلدۇق. مەكتەپتە خېلى ئۇياتچان كۆرۈنىدىغان قىزلارمۇ ھازىر ھېيقىش، تارتىنىش دېگەنلەرنى كىيىمى بىلەن بىللە سېلىپ تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوغۇل بالا دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ۋە ياكى بىزنىمۇ قىز بالا دەپ ھېس قىلىپ قالغانمىدۇ؟ يا بولمىسا ئىنسان تەبىئىتى ئەسلى شۇنداقمۇ؟ مانا بۇ سوئال قەلبىمنى تاتىلىماقتا. ئويلىسام، ئادەم ئانىسىدىن يالىڭاچ تۇغۇلىدىكەن، مەككىگە بارغان ھاجىملارمۇ يالىڭاچلىنىپ ئېھرام باغلاپ ئىبادەت قىلىدىكەن. ئادەم يەنە ئۆلگەندىمۇ يالىڭاچلىنىپ كېپەنگە ئېلىنىدىكەن، ئىشقىلىپ ھاياتىدىكى ھەممە ئۇلۇغ ئىشلارنى، ھەممە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى يالىڭاچلىنىپ قىلىدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، يالىڭاچلىنىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولسا كېرەك.

توغرا، ھەممىنى يالىڭاچلاش كېرەك، ھېسسىياتنى يالىڭاچلاش، غايىنى يالىڭاچلاش، ئارزۇ - ئارمانلارنى يالىڭاچلاش كېرەك! ماھىيەتنى يوشۇرۇش، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق، خالاس! بىراق، خوتۇن-قىزلىرىمىزنى جاراستاندا يالىڭاچلىمايلى!

## مەڭگۈلۈك ئارمان

بوينۇمدا ئاپپارات، قەلبىمدە ئارمان تاغ ئۈستىدىكى راۋاقتا مىڭلىغان سەيلىچىلەر قاتاردا قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتىمەن ...

مېنىڭ تەقەززالىقىم كۆچەيگەنسېرى يەر شارىنىڭ ئايلىنىشى توختاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، كۆڭلۈمدىن ۋەھىملىك خىياللار كەچمەكتە. قۇياشنى كۈتۈۋاتقان، ئۇنىڭ دىڭىزدىن، ياق، بىزنىڭ ئالدىمىزدىن چىققاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان رومانتىك كۆرۈنۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتقان، قۇياش نۇرىنىڭ خۇددى قىزىل رەڭلىك لېنتىدەك كۆز ئالدىمىزغىچە سوزۇلۇپ كېلىدىغان مۆجىزىلىك ھالىتىگە تەقەززا بولۇۋاتقان يۈرەكلەر،

# قىلپەتونلار

ئاغنەمگە دەرد ئېيتىپ بەرسەم ئۇ ئاغنەم ماڭا:

— ئامىتىڭلار يوق ئىكەن ئاداش، مۇكاپات دېگەن ئامىتى كەلگەن ئەرگە چىقىدۇ، — دېگەندى.

توغرا، ئامىتى قاچقان ئەرگە دېڭىزدا قۇياشمۇ چىقمايدىكەن. بىراق مېنىڭ ئامىتىم زادى قەيەرگە قاچتى؟ مەن قانداق قىلسام ئامىتىمنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن؟ سىز شۇنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟!

# كونا قوشاق، يېڭى مەنتىقە

ئاخشام ئۈيىنغان يەردە،
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ.
ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
كۆڭلۈمدىكى يار ئاپتۇ.
— خەلق قوشىقى

ئۆيلاپ باقسام ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ، بۇ پانىي ئالەمگە سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ، تا بۈگۈنكى ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەر، ئىنسان بالىلىرى سان - ساناقسىز ئويۇنلارنى ئويناپتۇ. ئۆيىنغان يەرلىرىدە قانچىلىغان نازىنىنلار ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك، ئالماس ئۈزۈك، قاشتېشى ئۈزۈك ھەمدە بىز تېخى ئىسمىنى ئاڭلاشقا، ئۆزىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئاللىقانداق قىممەت باھالىق ئۈزۈكلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ۋە يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ.

چۈشۈپ قالغان ئۈزۈكلەرنى "تېپىۋالغان ئۆزىنىڭ، قاغا چوقۇغان كۆزىنىڭ" دەپ، تېپىۋالغانلارنىڭ ئىچىدىن پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەن بىتەلەيلىرى تۇتۇلۇپتۇ، تەلەيلىكلىرى قۇتۇلۇپتۇ، تۇتۇلغانلىرى قىلمىشىغا يۈزمىڭ پۇشايمان قىلىپ ھەپسىدە يېتىپتۇ. ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا "كۆزىنى قاغا چوقۇپتۇ". قۇتۇلغانلىرى ھارام مالنى ئەتىسىدىن باشلاپلا جاراستاندا بىخارامان سېلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. نېمە ئۈچۈن بىر زامان، بىر ماكاندا ئۈزۈك تېپىۋالغانلارنىڭ بەزىلىرى قۇتۇلۇپ قالىدۇ؟ بەزىلىرى تۇتۇلۇپ قالىدۇ؟

راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئىش ئۈزۈك تېپىۋالغۇچىلارنىڭ ئەقىللىق-

# شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئىكەن بۇ جاھان

مېنىڭ يۇرتۇم تەكلىماكان چۆلىگە تۇتاش بولغاچقىمىكىن يىلان بەك كۆپ، مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان، ھەر يىلى بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك "يىلان يوقىتىش ھەرىكىتى" ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يىلانلار يوقالماقتا يوق، ئەكسىچە يىلدىن-يىلغا كۆپەيمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىشى ئويلاپ كۆرمىدى ۋە ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار يوقىتىسلا بولدى، تۈگىمەسلىكى بىلەن نېمە كارى...

مەن ئاددىي بىر قەلەمكەش بولۇش سۈپىتىم بىلەن "بىز ھەر يىلى بىر قېتىم يىلان يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتساقمۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ يىلانلار تۈگىمەي ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ؟" دېگەن تېما ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىگە يىغىنچاقلىدىم.

بىرى، بىز ھەر قېتىم "يىلان يوقىتىش ھەرىكىتى"نى باشلاشتىن ئاۋۋال دائىرىلەر بويىچە چوڭ - كىچىك يىغىنلارنى بەك كۆپ ئېچىپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئۇقتۇرۇشلارنى تولا تارقىتىدىكەنمىز. ئاندىن بۇ ھەرىكەتنى داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، پوجاڭزا، ساليوتلارنى ئېتىپ ناھايىتى داغدۇغىلىق باشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن يىلانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا يوشۇرۇنۇپ بولىدىكەن.

يەنە بىرى، مېنىڭ يۇرتۇمدا قەدىمدىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان: "شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر چايانى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جانى" دەيدىغان بىر ماقال بار. يۇرتداشلىرىمنىڭ ھوجەيرىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا نەق ئۇچرىغان يىلاننىمۇ بېشىنى كەسمەي پەقەت قۇيرۇقىنىلا قىرقىپ قويىدىكەن، شۇڭا ئۇلار يەنىلا تىرىك پېتى قېلىۋېرىدىكەن.

# پۇلدىن كەلگەن سادالار

مەن ئىشخانامدا چوت سوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك چېكىلمەيلا ئېچىلدى. مەن بۇنداق رۇخسەتسىزلا ئۇسسۇپ كىرگەن مېھماندىن بىزار بولۇپ ئىشىككە ئالىيىپ قارىغانىدىم، ئىشىكتىن كىرگىنى قانداقتۇر بىر ئادەم بولماستىن، بەلكى ئەللىك يۈەنلىك بىر باغلام پۇل ئىكەن. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. بۇ سۆزۈمگە ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ھەرگىز ھەيران بولماڭ. دۆلەت چېگرىسىدىنمۇ بىمالال كىرىپ ـ چىقىۋاتقان بۇ پۇللار مېنىڭ ئىشخانامغا نېمىشقا كىرەلمىسۇن، بەزى ئادەملەر دەردكە چىدىماي سۆزلەپ قالىدىغۇ، پۇلنىڭمۇ دەردى ئۇنى شۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغاندۇ. يەنە كېلىپ مېنىڭ تىلىمدا سۆزلىشى جەمئىيەت پىسخىكىسىغا تامامەن ئۇيغۇن، چۈنكى كىمنىڭ كىمگە ھاجىتى چۈشسە ئاۋۋال شۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى، شۇنىڭ تىلىدا سۆزلىشى، بۇ ئەمەلىيەتقۇ!... پۇلنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك بانكىر، مەن ئەسلىدە مېھرى چوغدىن ئىسسىق، تەگرىدىن قۇدرەتلىك، جاندىن ئەزىز، قېرىنداشتىن ئەتىۋار پۇل ئىدىم، ھەممە ئادەم چېكىسىگە قىسقۇدەك گۈل ئىدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە "پاخال" غا ئايلاندىم. "بانكا خادىملىرى پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ" دەپ ئاڭلاپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى دەرھال خەزىنىگە كىرگۈزۈپ قويۇڭ...

— نېمە ئۈچۈن خەزىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدىڭ؟

— خەزىنىدىن چىقىپ كېتىش مېنىڭ ھەدىممۇ؟ مەن پەقەت پېشانەمنىڭ شورلۇقىدىن، سىرتقى كۈچنىڭ زورلۇقىدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ مۇنداق گەپ، — دېدى ئۇ بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، — بىر

ئەقلىسىز، تەلەيلىك ـ تەلەيسىزلىككە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۆزۈك يىتتۇرگۇچنىڭ نىيىتىگە باغلىق ئىشكەن. ئۆزۈكنىڭ ئىگىسى يىنكەن ئۆزۈكنى دەرھال ئىزدەپ تېپىڭلار دېسە، باقاۋۇللار شۇ ھامان بەرگ قاپقان، كۆككە تور قۇرۇپ ئۆزۈك تېپىلغانلارنى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا تاپىدىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئەكىلىدىكەن. ناۋادا ئۆزۈك يىتتۇرگۇچى "ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار" دېسە ئوغرى قازناقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن.

ئۆزۈك يىتتۇرگۇچىمۇ ئىزدەش، ئىزدىمەسلىك بۇيرۇقىنى كونكرېت ئادەمگە قاراپ چۈشۈرىدىكەن. ئۆزۈكنى كۆڭلىدىكى ئادىمى تېپىۋالغان بولسا "ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار، كۆڭلۈمدىكى يار ئاپتۇ" دەپ ئىشنى جىمىقتۇرىدىكەن، ناۋادا كۆڭلىدىكى ئادىمى ئالمىغان بولسا باقاۋۇللارغا دەرھال تېپىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدىكەن.

دوستۇم، مانا بۇ شۇنداق جاھان، شۇڭا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ سىزنى چىن دىلىدىن سۆيمەيدىغان گۈزەل بىلەن ھەرگىز ئۇلپەت بولماڭ، ناۋادا شەيتىنىڭىز غالىب كېلىپ شۇنداق سەتەڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىپ قالسىڭىز، ئۆزۈكنى ئۆزى قەستەن ئۇنتۇپ قېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ سىز ئۇنىڭ ئۆزۈككە ھەرگىز كۆز قىرىڭىزنى سالماڭ، بۇ بىر قىلتاق!

پىخسىقلارنىڭ بوسۇغىسىنىڭ تېگىدىن سىرتقا چىقالماپتۇ. دېھقان، چارۋىچى، قوشۇقچى، چويلىچى، ئاشپەز ـ ھالۋىچى، سەيچى، قېتىقچىلار ۋە ئۇششاق سېتىقچىلار "پارچىلىغىلى بولمايدۇ" دەپ قولىغىمۇ ئالماپتۇ، يانچۇقىغا سالماپتۇ.

ــ ئۇنداقتا چىقىمسىنى بولمامدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ــ چىقارسا چىقىدىغان، كىرگۈزسە كىرىدىغان نەرسە مەن، ــ دېدى ئۇ تىرىنقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ــ مېنى ئەسلىي مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆز مەنپەئىتىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەن.

ــ قانداق قىلىپ؟

ــ مۇنداق قىلىپ، ــ دەپ ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى باشلىدى، ــ مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىغا ئىدارىنىڭ بەش ئېغىزلىق ئۆيى تار كەپتۇ، تار ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ھار كەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىي داچا سالدۇرماقچى بولۇپتۇ، تارىختا نامىنى قالدۇرماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆي سالدۇرغۇدەك شەخسىي پۇلى يوق ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قولىدا ھوقۇق ماركىلىق بايلىقى بولغاچقا كۆڭلى يەنە توق ئىكەن.

باشلىق بىر كۈنى ئەقلىنى ئىشلىتىپ، پاكىتلارنى ئوبدان چىشلىتىپ، ئىدارىغا بىر يۇرۇش خىزمەت بىناسى سالدۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا بىر پارچە دوكلات يېزىپتۇ، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قاتارىسىغا تىزىپتۇ. دوكلاتنى تەستىقلايدىغان ئورۇندا ھېلىقى باشلىقنىڭ بىر يېقىنى بولغاچقا دوكلات تېزلا تەستىقلىنىپتۇ. ئۇ قورۇلۇشنى ئىش تاپالمىغان بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىگە كۆتۈرە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشلىقنىڭ داچا سالدۇرۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. مەن ئەنە شۇ خىزمەت بىناسى سالدۇرۇشقا چىقىم قىلىنغان 5 مىليون يۈەننىڭ ئىچىدە ئىدىم. دېمەك مەن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا خەزىنىدىن چىقىپ كەتكەن، ــ دەپ تۈگەتتى ئۇ ھېكايىسىنى.

مەن بۇ پۇللارنى بىر ئامال قىلىپ خەزىنىگە ئەكىرىپ قوياي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئون يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئىككى

سودىگەر مەلۇم بىر بانكا باشلىقىغا بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور سوۋ
قىپتۇ. باشلىقمۇ ياخشىلىق قىلغاننى بىلىدىغان ئەقىللىق ئادەم ئىكەن،
سودىگەرگە مەن بىلەن يەنە توققۇز قېرىنداشىمنى تېگىشتىن يەشمە
"كرېدىت" دېگەن ئىشىك بىلەن چىقىرىپ بەردى. ئۇ سودىگەر
قالغان توققۇز قېرىنداشىمنى نەلەرگە ئاپارغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن ب
ئۈزۈمچى دېھقاننىڭ قولىغا ئۆتتۇم. دېھقان مېنى قاتتىق قوللىرىدا بىر
بىرلەپ تۇكۇرۇپ ساناپ، قاڭسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان كۆڭلىكىن
قويۇن يانچۇقىغا سالغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن بەدىنىمگە تىغ تەگكەندە
بولدى. "ۋاي!" دەپ بولغۇچە ئامبۇردەك قاتتىق بىر قول بېشىمدى
رەھىمسىزلەرچە قىسىپ تارتىۋېلىپ ئايىغى بوغما ئىشتاننىڭ پۇشقىقى
تىقىۋەتتى... شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر ۋاراق - بىر ۋاراقتىن ئايرىلىش
باشلىدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ، بىز يەنە بى
تىجارەتچىنىڭ دۇكىنىدا جەم بولدۇق. ئەينەككە قارىسام ئەسلى ئەپتىمنى
ئۇنىڭ بىرىمۇ يوق، رەڭگىم ئۆچكەن، بويىنۇم قىسىلغان، قورساقلىرى
تۆشۈك...يىرتىلسامۇ، تىتىلسامۇ ئۆز ئىناۋىتىم بىلەن ياشسام مەيلى
ئىدىغۇ، بىراق "پاخاللاشتى" دېگەن سۆز ماڭا بەك ھار كەلدى.

شۇڭا ئىگەمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم
مېنى بۇنداق خارلىققا قويغۇچە ياكى كۆيدۈرۈۋېتىڭ يا بولمىسا خەزىنىگ
ئەكىرىپ قويۇڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!...

ئەللىك يۈەنلىك پۇلنىڭ سۆزى تۈگىمىگەنىدى، شۇ ئەسنادا بۇ
يۈەنلىك بىر تېگىق پۇل يىغا - زار قىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈ
قويدى. يۈز يۈەنلىك پۇل نېمە ئۈچۈن يىغلايدىكەن دەمسىز؟ ئۇ
شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدىكەن:

يۈز يۈەنلىك پۇل ئەسلى، "مەن بىردىنبىر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى
بولۇپ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى
قاتلاملىرىغىچە بېرىپ تازا قانغۇدەك سەيلە - ساياھەت قىلىۋالىمەن.
دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەرنىڭ سومكىسىدىن

# "تۇغۇتتا ئۆلگەن" قازانلار

21 ـ ئەسىر ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ كۆپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، بولۇپمۇ بىزدەك جاھاننىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدا يېكىنمە ھالەتتە ياشاۋاتقان قۇدۇق پاقىلىرىغا نىسبەتەن بۇخىل يېڭىلىقلار خۇددى بىر چوڭ مۆجىزىدەك تۇيۇلۇپ ھەممىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. مانا قاراڭ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، پۇل مۇئامىلە تاللا بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، پۇقرالارنىڭ پايچېكى ئويىنىشى، فوند سېتىۋېلىپ باي بولۇشى، توردا مۇھەببەتلىشىش، توردا مال سېتىۋېلىش... قاتارلىقلار ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇخلىساق چۈشىمىزگە كىرمەيدىغان ئىشلار ئىدى. مانا بۇلار ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى.

ئۆتكەن يىلى مۇشۇ كۈنلەردە تۇيۇق ئادەم بىر يەرگە كەلسەك: "ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ئائىلەڭلار تىنچ ـ ئامانمۇ؟" دېگەننىڭ ئورنىغا "فوند سېتىۋالدىڭلارمۇ؟ قايسى توردىن ئالدىڭلار؟ قانچە پۇللۇق ئالدىڭلار؟" دېگەندەك قىزىق تېمىلاردا سۆزلىشىدىغان غەيرىي رەسمىي ئادەت شەكىللەنگەنىدى. ئۇ چاغدا فوند سېتىۋالغانلار، سېتىۋالغانىمۇ قانچە كۆپ سېتىۋالغانلار ئۆزىمىزنى شۇنچە قالتىس چاغلايتتۇق. فوند سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەر، ھەمدە پۇلى بولسىمۇ فوند سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان پۇلنى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە بانكىدا ئامانەت قويغانلار ۋە ياكى زايوم سېتىۋالغانلار بىچارە، نامرات، زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنى بىلمەيدىغان ئىدىيىسى قاتمال، تومپاي سانىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن بەزىلەر پايدا قوغلاشسا يەنە بەزىلەر مودا قوغلىشىپ، ئېشىنچا پۇللىرىنى بانكىدا قەرەللىك ئامانەت قويغانلار ئامانىتىنىڭ قەرەلىنى بۇزۇپ ئېلىپ، ئۇشۇق پۇلى يوقلار تېخى ئالمىغان مائاشىنى بانكىغا رەنە قويۇپ

يۇەنلىك، بىر يۇەنلىك، ئەللىك پۇڭلۇق... پۇللار ئۆز مەرتىۋىسى بويىچ سەپ بولۇپ كىرىپ، ئىگىز ـ پەس تىۋۋلاپ بىردەمنىڭ ئىچ ئىشخانامنى بېشىغا كىيدى. مەن ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ بىر ـ بىرلە ئەھۋاللاشسام ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى: "بىزنى بىر قىسىم ئەمەلدار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل يوللار، ھ خىلناملار بىلەن زەرىبدارلىق بىلەن خەزىنىدىن چىقىرىۋەتتى. بىز ئەمدى جامائەتنىڭ نەزىرىدە 'پاخال'لاشتۇق. سىز بانكا خادىمى بولغاندىك بىزنى خەزىنىگە ئەكىرىپ قويۇڭ، بىز مۇئامىلىگە ئەمەلىي ئېھتىياجلىق بولغۇچە شۇ يەردە دەم ئالايلى!" دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

— فوند شىركەتلىرى پۇلىمىزغا ئامېرىكىنىڭ پايچىكىنى سېتىۋاتىدىكەن دەپ ئاڭلايمىز، بۇ راستمىدۇ؟

— فوند شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى مەبلەغنى يۆتكەپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىشلارمۇ بارمىشقۇ؟

— ... ؟

مەن بىر نېمىدەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىمىسام ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن تېخىمۇ قوپال گەپلەر چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. فوند شىركەتلىرىنى ئاقلاپ گەپ قىلاي دېسەم مېنىڭ دەردىممۇ شۇ تاپتا ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ غۇلغۇلىسىنى كۆلىگە يۆلەپ ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدۇم.

— ئاغىنىلەر، مەن فوند بازىرى ۋە فوند شىركەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە سىلەر قانائەتلەنگۈدەك بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمەن، بىراق سىلەر سوراپ قالدىڭلار شۇڭا مەن سىلەرگە كىچىك ۋاقتىمدا دادامدىن ئاڭلىغان ئەپەندىمنىڭ مۇنداق بىر لەتىپىسىنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم.

ئۇلار شۇ ھامان مېنى نېمە دەيدىكىن، دەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇشتى:

— بىركۈنى، — دەپ باشلىدىم مەن لەتىپەمنى، — ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قازىنى كىچىك بولغاچقا قوشنىسىنىڭ قازىنىنى سوراپ ئاچىقىپ تاماق ئېتىپ مېھمانىنى ئۇزىتىپتۇ. كېيىن ئەپەندىم قوشنىسىنىڭ قازىنىنى پاكىز يۇيۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ كىچىك قازىنىنى سېلىپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ. قوشنىسى تاماق ئېتەي، دەپ تۇۋاقنى ئاچسا قازىنىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قازان تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ قوشنىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىچىك قازاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ: "ئەپەندىم، مەن سىلىگە بىر قازان بەرسەم، سىلە ماڭا ئىككى قازان ئاچىقىپ بېرىپلىغۇ؟" دېگەنىكەن، ئەپەندىم: "قازانلىرى ئىككى قات ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيدە يەڭگىدى، ئىچىدىكىسى قازانلىرىنىڭ بالىسى، شۇڭا

قەرز ئېلىپ، ھەتتا بەزىلەر ئالتۇن جابدۇق، ئۆي ـ زېمىنلىرىنى سېتى بولىسمۇ فوند سېتىۋالدىغان دولقۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. دېمىسمۇ ئ چاغدا بۇگۇن سېتىۋالغان فوندنىڭ باھاسى ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆسۈ تۇرغانىدى.

"ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ" دېگەنىدەك، ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلاپ مانا بۇ ئېلىمىز مىقياسىدا ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان جىلۋىگەر سەتەڭگە بىراقلا كۆز تەگدى. فوندنىڭ باھاسى كۆنسېرى چۈشۈشكە باشلىدى. ياق، داۋاملىق چۈشۈۋەرمىدى ئەكسىچە ئارىلاپ ئۆسۈپمۇ قويدى، لېكىن ئۆسكىنى چۈشكىنىگە دال بولالمىدى، خۇددى ئۇن قېتىم ئالغان تەرەت بىر قېتىملىق ئۇسۇرۇققا تەڭ بولالمىغاندەك.

مانا ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكەنكىدەك يەنە تۆت ئادەم بىر يەرگە جەم بولساق: "فوند سېتىۋالغانمۇ؟ قانچە پۇللۇق سېتىۋالغان؟ قانچە پۇل زىيان تارتتىڭلار؟" دەپ ئەھۋاللىشىدىغان بولدۇق. ئاز سېتىۋالغانلار جىق سېتىۋالغانلاردىن ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان؛ جىق سېتىۋالغانلار ئۆزىنى ھاماقەت چاغلايدىغان؛ پەقەت سېتىۋالمىغانلار ئۆزىنى ھەممە ئىشنى ئالدىن كۆرەر دانىشمەن ھېسابلايدىغان بولدى.

مۇشۇ يىقىندا فوندنىڭ غەيۋىتى تازا قىزىغان بىر سورۇنغا داخىل بولۇپ قالدىم. سورۇندىكىلەر مېنىڭ ئوتتۇز يىل بانكىدا ئىشلەپ يىقىندا ئارامغا چىققىنىمنى ئۇقۇپ كۆڭلىدىكى مۆجمەل قاراشلارغا مەندىن توغرا جاۋاب ئالماقچى بولۇشۇپ سوئال ـ سوراق دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى:

— فوند دېگەن ئەسلي پۇقرالارنىڭ قولىدىكى پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن قۇرغان قىلتاقمىكىن ـ دەيمەنغۇ؟

— فوند شىركەتلىرى بىزدىن توپلىغان پۇلنى ئېلىمىزنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشغا مەبلەغ سالدۇق، دەپتۇ. ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كۈنسېرى ئېشىۋاتسا يەنە نېمە ئۈچۈن فوندنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىدۇ؟

# ئەمەلدارلىق دەستۇرى

سالام! ھۆرمەتلىك ئەمەلدار دوستۇم،

پېقىر سىزدەك بىر ئەمەلدار دوستۇمنىڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن، گەرچە بۇ ئەمەل جۇڭگوغا نىسبەتەن ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەل بولىسىمۇ. شۇڭا ئەمەلدارلىق تەختىدە مەڭگۈ مەزمۇت ئولتۇرۇشىڭىز ۋە كۆتۈرۈلۈشىڭىز ئۈچۈن يۇقىرى ئۆرلىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر يۈرۈش ئەمەلدارلىق دەستۇرىنى سىزگە سوۋغا قىلماقچىمەن.

ئەمەلدار دېگەننىڭ قوللىغۇچىسى، قوغدىغۇچىسى، ماختىغۇچىسى ۋە چاققۇچىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا قولىڭىزدىكى ھوقۇق گەرچە زىغىردەك كىچىك بولسىمۇ سىز ئۇنى تاۋۇزدەك دومىلىتىپ ئوينىيالايسىز.

قوللىغۇچىڭىز ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە بولىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. قوغدىغۇچىڭىز سىزنىڭ ئاستىڭىزدا بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچىلەرگە — چاپارمەنلەرگە قارىتىلغان. ماختىغۇچىڭىز سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا، ئەتراپىڭىزدىكى ھەرقايسى قاتلاملاردا بولىدۇ. چاققۇچىڭىزغا كەلسەك، بۇ گەپنى ئۇچۇق ئېيتىش ئەپسىز، چۈنكى، كەسپىي چېقىمچىلارنىڭ سالاھىيتىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا كىممۇ چېقىمچىلىق قىلىدۇ دەيسىز. سىز يۇقىرىقىلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىشىڭىز كېرەك.

1. ساھىبجامال تەقدىم قىلىش. (ھازىر بەزى كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنى دەللاللىق دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە ئۆزى قىلىپ ئوخشىتالمىغان، باشقىلار ئوخشاتسا چىدىمىغانلارنىڭ گېپى، سىز ئۇنداق ئۆسەك سۆزلەرگە ھەرگىز پىسەنت قىلماڭ!) ساھىبجامال تەقدىم قىلىش، بۇ ئەلۋەتتە

ھەرئىككى قازان سىلىنىڭ، خاتىرجەم ئىشلىتىۋېرىسىلە" دەپتۇ. شۇنى
بىلەن ئەپەندىم قازان تۇغدۇرالايدىكەن. دېگەن گەپ پۇتۇن مەھەللى
پۇر كېتىپتۇ. ئەپەندىم بىردىنلا قازان تۇغدۇرالايدىغان كارامەت ئىگىسىگ
خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. بۇ گەپكە ئىشەنگەن نادان پۇقرا
ئۆيلىرىدىكى چوڭ قازانلىرىنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ ئۆزلىرىنى
قازىنىنىمۇ تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەتتا ئۆيىدىكى قازىنىنى كىچى
كۆرگەنلەر قوتاندىكى قوي - ئۆچكە، قازىناقتىكى بۇغداي -
قوناقلىرىنى سېتىپ، بازاردىن چوڭ داش قازانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكىلى
بېرىپتۇ. ئەپەندىممۇ كەلگەنلىكى قازاننى قايتۇرماي ئېلىۋېرىپتۇ. قازانلا
ھويلىغا دۆۋىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەپەندىم كونا قازاندىن ئىككى -
ئۈچنى چېقىپ چويۇنلىرىنى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇپ
قالغان قازانلارنى بىر كېچىدىلا ھارۋىغا بېسىپ بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ
خەجلەپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ قوشنىلار يىغىلىپ: "قازىنىم
تۇغدىمىكىن ئەپەندىم؟" دەپ سورىغانىكەن. ئەپەندىم قازان ئىگىلىرىنى
ھويلىسىغا باشلاپ كىرىپ، ناھايىتى قايغۇرغان ھالدا: "ھەرقايسىلىرىنىڭ
قازانلىرى ھەققەتەنمۇ ئىككى قات ئىكەن، بىراق تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق
بولماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە كۆپ قازاننىڭ تولغىقى بىراقلا تۇتقاچقا
ئۆزۈم يالغۇز يېتىشىپ بولالماي قازانلىرىڭلار تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى.
جەسىتىنى ئېلىپ كېتىپ دەپنە قىلىشىۋېتەلا! ..." دەپتۇ ۋە ھويلىنىڭ
بۇلۇڭىدىكى ئەسكى قازاننىڭ چويۇن پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ، —
دەپ، لەتىپەمنى تۈگەتتىم.

بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر كۈلدى، بەزىلەر يىغلىدى يەنە بەزىلەرنىڭ
كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، يەنە بەزىلەرنىڭ... بىراق
بۇ لەتىپىنى دەپ بولۇپ ئۆزۈممۇ ئەنسىرەپ قالدىم. دادام بۇ لەتىپىنى
فوند شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىغىمۇ دەپ بەرگەن بولغىيمىدى!؟

ئامال قىلالمىسىڭىز ئايالىڭىزنى ياردەملەشتۈرۈڭ. جاللات شىپ شىسەيمۇ خوتۇنىنىڭ بىر كىچىلىكىدىن كېچىش بەدىلىگە نەچچە يۈزلىگەن قىزلارنىڭ تەمنى تېتىغۇدەك ئەمەلگە ئېرىشكەنىكەن. بۇ خۇددى دېھقانىنىڭ ئەتىيازدا بىر چارەك ئۇرۇق چېچىپ، كۈزدە بىر تاغار ھوسۇل ئالغىنىغا ئوخشايدۇ.

نېمە؟ بۇنىڭغا قانداقمۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرى چىدىسۇن، دەۋاتامسىزا؟ قويۇڭ ئۇنداق تۇتۇرۇقسىز گەپنى! غۇرۇر دېگەننى يا يېگىلى، يا كىيگىلى، يا مېترلىغىلى، يا جىڭلىغىلى ۋە ياكى ساتقىلى بولمىسا، نېمە قىلىسىز يوق غۇرۇرنى دەپ نان تېپىدىغان ئىشتىن قۇرۇق قېلىپ! ئەگەر غۇرۇرۇم بىلەن ياشايمەن دېسىڭىز، ئۇنداقتا نەپ دېگەننى تەرك ئېتىڭ...چۈنكى، غۇرۇر بىلەن نەپ مۇشۇ كۈنلەردە بىرى ئوت، بىرى سۇ بولۇپ كېتىۋاتقان تۇرسا ...

2. پۇل شۇڭغۇتۇش. خەنزۇلار بۇنى "قىزىل بولاق بېرىش" دەيدىكەن. مەن بىرنى بىر دەيدىغان "جاھىل خوتەنلىك". شۇڭا پۇل شۇڭغۇتۇش دەپلا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدىم. چۈنكى، ئاشۇ قىزىل بولاقنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە پۇل بولىدۇ - دە. چۈنكى، رەڭگى ھەرقانچە قىزىل بولغىنى بىلەن ئىچى قۇرۇق بولسا، ئۇنىڭغا گول بولىدىغان ئەخمەق باشلىق تېخى تۇغۇلمىدى، پۇلنى قانداق شۇڭغۇتىمەن دەۋاتامسىز يەنە! قىزىقكەنسىز، نىيەت قىلدىڭىزمۇ بولدى، ئامال دېگەن ساماندەك.

1) باشلىقىڭىزنىڭ ئەڭ يىراق جەددى - جەمەتىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان باشلىقىڭىزغا چاپ ئىچكۈزۈپ ئۇنىڭ قارىسىنى ئۆشتۈڭ. تۇغقىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن باشلىقنىڭ خەۋىرى بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە سەۋەبىنى سىز خەۋەرلەندۈرۈپ قويىسىڭىزلا كۇپايە.

2) باشلىقىڭىز پەرزەنتلىرىنىڭ توينى، نەۋرىلىرىنىڭ سۈننەت توينى ۋە تۇغۇلغان كۈنلىرىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا بىرەر كۈن بۇرۇن بېرىپ كۆڭلىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ. ياق، ساداقىتىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئەتىسى يەنە چاندۇرماي ئەل قاتارى ئادەمگە رچىلىك قىلىڭ.

تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىلەرگە قىلىدىغان خۇشامىتى، بەزى يېمەيد
مۇشۇك بولمىغىنىدەك، خىزىرلارغا قانات سۆرىمەيدىغان ئەركەك بول
كىرەك. ناۋادا قانات سۆرىمەيدىغان باشلىقنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئ
قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆگىتىڭ. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ باشلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ،
ئۆچۈنمۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ. ھازىر ئەمەلد
ئۈزۈم - ياڭاق، گىلەم - ئەتلەس دېگەنلەرگە ئانچە قىزىقمايد
بولۇپ كەتتى. زورلاپ ئاپارسىڭىز ئۇ قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ ئىشىڭ
كۆڭلىڭىزدىكىدەك ياخشى پۈتكۈزۈپ بەرمەيدۇ. شۇڭا سىز "ئۈزۈ
باشلىقتىن ھىمات تاپىمەن" دەيدىكەنسىز، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق ن
دەسمايە بىلەن تېز ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ بېق
نېمە؟ ساھىبجامالنى قانداق سوۋغا قىلىمەن؟ سوۋغا تەقدىم قىل
مۇراسىمنى نەدە ئۆتكۈزىمەن دەمسىزا؟ ياقەي، بۇ ھەرگىزمۇ خې شىنن
چيەن لوڭغا قىز تەقدىم قىلغىنىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ دېگەن سوتسىيالىست
تۈزۈم، بۇنىڭدا ئىشنى مۇنداق توغرىلايمىز:

ئالدى بىلەن مەلۇم بىر رېستوراننىڭ خاس بۆلۈمىگە زىياپە
تەييارلايسىز. زىياپەتكە بىر ئەرگە بىردىن توغرىلاپ خىزىرلارنى چاقىرىس
رومكا تۆت - بەش قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ھەممەيلەننى تانسا ئويناش
دەۋەت قىلىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئۆزىچە يۈرۈشۈشكە باشلايد
شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ، باشلىقىڭىز قايسى قىز بىلەن كۆپرەك تان
ئوينىغان بولسا، ئاخىردا باشلىقىڭىزنى شۇ قىز بىلەن بىر تاكسىغا سېل
قويسىز ياكى باشلىق ئاشۇ قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولىدۇ
ياكى قىز باشلىقنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ كەتمەكچى بولىدۇ …

ناۋادا باشلىقىڭىزدا ئۈنچىلىكمۇ جۈرئەت بولمىسا (مېنىڭچە ھاز
مۇنداق ئادەملەر بەكمۇ ئاز)، ئۇنىڭغا ھاراقنى ئىچكۈزۈپ راسا ش
كەيپ بولغاندا ئۇنى بەدىنىنى ئۇۋۇلىتىشقا ياكى ھاممامدا يۇيۇنۇش
تەكلىپ قىلىڭ. سىز باشلىقىڭىزنى يۈدۈپ بولسىمۇ ئۇ يەرنىڭ ئىشىكد
ئەكىرىۋالسىڭىزلا قالغان ئىشلارنى مۇلازىملار ئۆزلىرى ئەپلەيدۇ. پەق

تارىخ ئىسپاتلىغان ھەققەت شۇكى، بىلىمسىز ئادەملەر خۇشامەتچى كېلىدۇ، خۇشامەتچى ئادەملەر ئىت مىجەز بولىدۇ. بىزدە ھەم "ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا" دېگەن ماقالمۇ بارغۇ؟! شۇڭا سىزگە كېرىكى ئەنە شۇنداق ۋاپادار ئىت بولالايدىغان چالا ساۋات ساداقەتمەنلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قورساق ئادەملەرنى باشقۇرماقمۇ ئاسان. گېزى كەلسە ئۇنداقلارنى ئانىسىنىڭ بېجىقى (كۆكسى)نى كېسىپ كېلىشكە بۇيرۇغىلىمۇ بولىدۇ، تېخى. شۇڭا سىز ھوقۇق تەختىدە مەڭگۈ خاتىرجەم ھۇزۇر سۈرۈش ئۈچۈن قول ئاستىڭىزغا ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم ساداقەتمەنلەرنى توپلاڭ. ئەنە شۇلار سىزنىڭ قالقىنىڭىز.

ئەمدى ئاقىللارغا ئۇنۋان بېرىش دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايدىغان نازۇك ئىش. چۈنكى، پەن - تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلدى. مانا ئەمدى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ھەدەپ تەكىتلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىلىملىك بار زاكونىدارلارنى ئوچۇقتىن ئوچۇق "نېرى تۇر" دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئامالى، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئۇنۋان بىلەن تۇۋاقلاپ، ئەمەل ئۈستىلىدىن نېرى قىلىش. شۇنداق قىلسىڭىز بۇنىڭ سوئال - سورىقى بولۇپ قالىسمۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلگە تەڭ بولغاچقا، سىز يەنىلا ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغان بولىسىز. ئۆزىنى ھەققىي ئىلىم ئىگىسى دېگۈچىلەر ھەرگىزمۇ ئەمەل - مەنسەپ دېگەنلەرگە ئانچە ئىنتىلىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە ئۇلار جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي ھالدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى قىلغىنىغا خۇش، سىز ئىشلىرىڭىزنىڭ پۈتلىكاشاڭسىز يۈرۈشكىنىگە خۇش. ئىشنىڭ يولى دېگەن ئەنە شۇ.

4. ۋەزىپىسىنى ئۈستۈرۈپ ھوقۇقىنى كىچىكلىتىش. بۇ، سىزدىن بۇرۇنقى باشلىقلار ئۈستۈرۈپ قويغان كونا كادىرلارنى، سىز ئۇقماي ئۈستۈرۈپ سالغان بىر قىسىم ئالا كۆڭۈللەرنى بابلايدىغان ئەپچىل

3 ) ئىدارىغا نەرسە - كېرەك ئالماقچى بولغاندا ئالدى ب
باشلىقىڭىزنى ئىزدەپ، "سىلى كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىلا، شۇ
نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بىر قوللۇق ئېلىپ بەرسىلە" دەپ يېلىنىڭ، ئۇ
قانداق بولار" دەپ سەل نازلانسا، ۋاستە تاللىماي يالۋۇرۇپ ئۇنى ما
قىلىڭ. چۈنكى، ئۇ سىزگە شۇ نەرسىلەرنى بازاردىكىدىن نەچچە ھەس
قىممەت ئېلىپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ناۋادا باشلىقىڭىزنىڭ يۈزى تې
ئانچە قېلىنلىشىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ سىزگە: "بۇ نەرسىلەر بازاردىك
سەل قىممەت بولۇپ قالدى، چۈنكى، ساتارمەن مېنىڭ يېقىنىمكەن، ي
كېلەلمىدىم" دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز قىلچە ھېيقماستىن تۇرۇ
"نەدىكىنى، باھاسى ئازراق قىممەت بولغىنى بىلەن سۈپ
بازارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ياخشىكەن، بۇ دېگەن ھەقىقەتەن ئې
مال ئىكەن" دەپ تۇرۇۋېلىڭ.

4 ) يىل ئاخىرىدا خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، خادىملارغا يىللى
مۇكاپات تارقاتقاندا، باشقىلارغا يۈز يۈەندىن بەرگەن بولسىڭىز، باشلىق
مىڭ يۈەن، ناۋادا باشقىلارغا مىڭ يۈەن بەرگەن بولسىڭىز، باشلىققا ئو
مىڭ ھەتتا يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ يۈەن بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇنى
باشقىلارغا چوڭ زالدا داغدۇغىلىق، باشلىققا بولسا خۇپىيانە بېرىس
ئەلۋەتتە. باشلىقىڭىز سەل ناز قىلسا: "مۇشۇنچىۋالا زور غەلىبىنى قولغ
كەلتۈرۈشتە (گەرچە ئىدارىڭىز زىيان تارتقان بولسىمۇ) ئۆزلىرىنىڭ بىزگ
قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە ئەجرى بار، بۇنى ئالمىسىلا بىز قايس
يۈزىمىز بىلەن ئالىمىز" دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىڭ. ئاخ
ئۇ كۆڭلىڭىزنى رەت قىلالماي، ئۇنى "بوپتۇ ئېلىپ قوياي" دەپ قوبۇ
قىلىدۇ.

3. ئاقىللارغا ئۇنىۋان بېرىش، سادىقلارغا ئەمەل بېرىش. بۇ قو
ئاستىڭىزدىكىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىس
بىلەن ئەقلى - قابىلىيىتىگە قارىماي، سىزگە بولغان ساداقەتمەنلىكىگە قارا
دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

ئۆتكەن بىر پادىشاھى تەختكە ئولتۇرۇش ئالدىدا بىر پالچىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن: "مەن قانداق ھاكىمىيەت يۈرگۈزسەم ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرەلەيمەن؟" دەپ سورىغاندا، پالچى ئۇنىڭغا: "پۇستانى شەھەرنى ئوردۇكەنت قىلىڭ، ئوردىڭىز سىرتىغا ھەرگىز چىقماڭ، ئۆزىڭىزدىن باشقىلارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭ. شۇنداق قىلسىڭىزلا بىر ئۆمۈر ئالتۇن كۇرسىدا سەلتەنەت سۈرەلەيسىز." دەپ جاۋاب بەرگەنمىش. ئۇ پادىشاھ پالچى ئېيتىپ بەرگەن پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپتىكەن، قېرىپ كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، قولى تۇتماس-پۇتى باسماس بولۇپ قالغاندىمۇ تەختنى باشقىلارغا بەرمەي جان ئۈزگەنمىش. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزگىگە ئىشەنمەسلىك ئەمەلدارلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا سىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ سىزگە بولغان كۆز قارىشى ۋە ئىنكاسلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت سىزگە قەست قىلىش ئېھتىمالىنى پايلاپ تۇرۇش، سېزىلگەن ھامان ئۇلارنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇشتا سىزنىڭ چوقۇم بىرقانچە ئۇزۇن قۇلاق چېقىمچىلىرىڭىز بولۇشى كېرەك. سىز ئۇلارغا ئەمەل، مەرتىۋە، تاپان ھەققى دېگەنلەرنى بەرمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئادەم چېقىپ كۈنۈپ قالغان كىشلەر بىرەر كۈن چاقىدىغانغا ئادەم تاپالماي قالسا ئۇيقۇسى ھارام، يېگىنى ئوغا بولىدۇ. شۇڭا سىز ئۇلار بىرەر قېرىندىشىنى چېقىپ ئالدىڭىزغا كىرگەندە پەقەت "ياخشى" دەپ ماختاپ قويىسىڭىزلا ئىچىنى بوشتىۋالغىنىغا، سىزنىڭ ئۇلارنىڭ تىلىنى كەسمىگىنىڭىزگە خۇش بولۇپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ يۈرۈۋېرىدۇ. يەنە ئەپ تاپسىلا چېقىمچىلىقتا سىزگە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز كىمنى يىقىتىپ، كىمنى يۆلەش ئارقىلىق ھوقۇقىڭىزنى مۇستەھكەملەشنىڭ شېرىن خىيالنى بىخارامان سۈرۈۋېرىسىز.

دوستۇم، سىزگە ھەدىيە قىلماقچى بولغان ئەمەلدارلىق دەستۇرى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىگەنىدى. بىراق، مېنىڭچە يۇقىرىقىلارغا تولۇق ئەمەل قىلسىڭىزلا يولىڭىز راۋان ئېچىلىدۇ. يول تېپىۋالغاندىن كېيىن

ئۇسۇل، بۇنداقلارنى ۋەزىپىسىدىن بىراقلا ئېلىپ تاشلىسىڭىز بەك چ
قالىدۇ ھەم دۈشمەننى كۆپەيتىۋالىسىز. ئورنىدىن مىدىرلاتماي قوي
كېچىلىرى قارا بېسىپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايسىز. شۇڭا ئۇنداق ك
قادالغان مىخلارنى ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھوقۇقىنى كىچىكلىت
تاكتىكىسى بىلەن بابلاش كېرەك. مەسىلەن، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىل
يەر سۈپۈرگۈچى، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك ئۆز ئ
قىلغۇچى... دېگەندەك.

5. ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش. بۇ يول بېرىپ ئۆزىنى ماختىن
قارىتىلغان. بىزدە: "خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك" دېگ
ماقال بار. سىز خىزمەتتە تاغدەك نەتىجە قازانغىنىڭىز بىلەن ئۇنى خالايىق
تەشۋىق قىلىدىغان كىشىڭىز بولمىسا، سىز كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يە
ئىشلىمىگەنگە باراۋەر. ناۋادا سىزنى پات - پات ماختاپ ئۇچۇر
تۇرىدىغان ئادىمىڭىز بولسا، ئۇ چاغدا سىز خىزمەت قىلماي ھارىقىڭىز
بەخۇدۇك ئىچىپ ھاجىتى بار خېنىملارغا قانىتىڭىزنى ئەركىن سۆرە
يۈرۈۋەرسىڭىز بولىدۇ. نېمە؟ نەتىجەم بولمىسا كىم مېنى ماختاي
دەمسىزا؟ خاتىرجەم بولۇڭ. مەركەز "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قو
قاتتىق بولۇش" سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئەكسىچە، ب
قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش تۇتىدىغان بىر قولى توساتتىن بوشا
كەتتى، ھازىر مەنىۋى مەدەنىيەتنى چىڭ تۇتىدىغان، ئۇنىڭغا ئايانما
مەبلەغ سالىدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. سىز مۇشۇ پۇرسەتت
پايدىلىنىپ، ئاخبارات، تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا ئانچە - مۇنچە ئ
قىلىپ تۇرۇڭ، ئۇلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق، ياق
دوستلۇق ئورنىتىۋېلىڭ. شۇ چاغدا سىزنى ماختايدىغانلار ئەتراپىڭى
پەرۋانە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سىزنى زىيارەت قىلغىلى كەلگ
مۇخبىرلارنىمۇ ھەرگىز قۇرۇق قول يولغا سالماڭ. شۇنىڭ بىلەن ئ
تامام، ۋەسسالام.

6. ئۆزگىلەرگە قەتئىي ئىشەنمەڭ. جوڭگونىڭ زامانى ئاۋۋال

# قاباھەتلىك چۈش

"ئەمدى مېنىڭمۇ بۇرۇتۇم خەت تارتتى. شۇڭا ئانام مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمغا چات كىرىۋالمىسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا ئەمدى مەن ئانام بولمىسىمۇ كۈنۈمنى ئالالايمەن ..." دەپ يۈرگەنلىرىم ئانامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئانام ماڭا:

— مەن سىزنىڭ ئۆتكۈزدا كۆيۈپ، سۆيگۈزدە ئېقىپ سىزنى باققىلى 18 يىل بولدى، دادىڭىز رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ سىزنى ئۆگەينىڭ ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن، دەپ، خېلى ئوبدان يەرلەردىن ئەلچى كەلسىمۇ ياتلىق بولمىدىم، ھەتتا سىزدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدىم، ئەمدى سىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، شۇڭا بىر ھەپتە ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئاكامنى يوقلاپ كېلەي، — دەپ تاغامنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

ئانام كەتكەن كۈنى مەھەللىدىكى دوستلىرىمنى ئۆيگە باشلاپ يەپ-ئىچىپ، راسا ئوينىدىم، ئۆيدە ئانا بولمىسا بالا دېگەن راستىنلا قەپەستىن چىققان قۇشتەك، يايلاقتا چىققان تايچاقتەك ئەركىن - ئازادە بولۇپ قالىدىغان گەپ ئىكەن. بىراق ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرسام يۈزۈمنى يۇيغىلى سۇ يوق، ئاھ، خۇدا! ئەمدى سۇ ئەكېلىشمۇ ئۆزۈمگە قالغان ئوخشايدۇ، شۇ ئانامۇ سىرتقا ماڭغاندىكىن قاپاق - قاچىلارغا بىر نەچچە كۈن يەتكۇدەك سۇ ئەكېلىپ قويۇپ كەتسىچۇ؟ كونىلارنىڭ: "ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالار، خوتۇن قېرىسا ئەقلىدىن" دېگىنى راست ئوخشايدۇ، بوپتۇ، سۇنى ئۆزۈم ئەكەلسەممۇ ئەكېلەي، دەپ قاپاقنى يۈدۈپ سۇغا ماڭدىم، بۇلاق بېشىغا كېلەي دېگەندە ئۈچى ئاسمانغا تىرەلگەن بىر قارا قويۇن كېلىپ مېنى ئورىۋالدى ھەمدە قاپىقىم بىلەن كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئەپچىقىپ كەتتى، قانچىلىك ئۈچقانلىقىمنى

بۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل يېڭى - يېڭى ھىيلە- مىكرلەرنى ئويـ
تاپالايدىغانلىقىڭىزغا، گېزى كەلسە ئۆز تەجرىبىڭىزگە ئاساسەن بۇنىڭدىن
مۇكەممەل دەستۇرلارنى يېزىپ باشقىلارغا سوۋغا قىلالايدىغانلىقىڭىزغا يۈزد
يۈز ئىشىنىمەن.

ھاسىلي كالام: يۇقىرىقى ئالتە ماددىلىق دەستۇرنى چوقـ
يادلىۋېلىڭ. نېمە؟ ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەنسېرى خاتىرىسى ئاجىز
كېتىدىكەن دېدىڭىزمۇ؟ راستلا شۇنداق بولسا ئۇنى تۇمار قىلىپ بوينىڭ
ئېسىۋېلىڭ!

توكىدىكەن، چۈشتە ئۇ كىسەكلەرنى يەنە چاقىدىكەن. ئۇنىڭ لىپىدا يەنە كىسەك توكىدىكەن، يەنە چاقىدىكەن ... ئۇلار بۇ ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى قارىماققا بەكمۇ سىپايە كۆرۈنىدىغان بىر دورغىنىڭ زورى بىلەن قىلىدىكەن. ئەگەر كىمدە كىم بۇ ئىش تەرتىپىگە قارشى چىقسا، دورغا ئۇلارنى ھەرگىزمۇ يۈز تۈرانە تەنقىد قىلماستىن، بەلكى ئەينەك ساندۇقتا مەخسۇس باققان كۆزەينەكلىك يىلانلىرى بىلەن كىچىسى چاقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. مەن بۇ بىنادىكى بۇنداق ئېغىر جازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانداق گۇناھكارلار ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھېلىقى دورغىدىن سورىدىم:

— بۇلار نېمە ئادەملەر؟

— نېمە ئادەملەر بولاتتى، كىتاب خالتىلىرى.

— بۇلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تىكىپ - سوكەر ئىشقا سالىسىز؟

— ۋىجدانىنى ئازابلاش، گۇناھىنى تونۇتۇش ئۈچۈن.

— بۇلار نېمە گۇناھ قىلغان؟

— نېمە گۇناھ قىلاتتى، بەزىلىرى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەپ پادىشاھقا قەسىدە يازمىغان، يەنە بەزىلىرى ئىش ھەققىگە كىتاب سېتىۋېلىپ خوجايىنغا زىيانكەت بەرمىگەن. قاراڭ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىممۇ، ئۇستازلىرىممۇ، ھەتتا قېرىنداشلىرىممۇ بار. ئادەم بولغان بىلەن جان بېقىشنىڭ يولىنى بىلمىسە بىكار - دە. ھى...ھى...ھى!...

ئۇنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلاشقا ئەمدى تاقىتىم قالمىدى.

«3 - بىنا» دا كۆرگەنلىرىم:

بۇ، شەھەر باشلىقىنىڭ مەخسۇس قورۇسى بولغاچقا، بىنانىڭ سېلىنىشىدىن تارتىپ بېزىلىشىگىچە، ئىچىدىكى مۇلازىملارنىڭ ئۆزۈقلىنىشىدىن تارتىپ ئىش - مەشغۇلىيىتىگىچە كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. مەن كىرگەندە بۇلار تاماقخانىدا چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىۋاتقانىكەن. تاماقخانىنىڭ تۆت ئەتراپى سىرتىدىكى ئادەم

بىلمەيمەن. بىر ھازادىن كېيىن قوّيوّن پەسىيپ مەن بىر ناتونۇ
شەھەرگە چوّشتوّم.

... بۇ شەھەرنىڭ بىنالىرى نە قەدىمىي ئۇيغۇر بىناكارلىرى ياسـ
ئوردا، مەسچىت ۋە ئايۋان - سارايلارغا، نە ھازىرقى زاماندىكـ
ئىمارەتلەرگە ئوخشىمايتتى، ھەربىر بىنانىڭ تېمىغا شۇ بىنانىڭ ر
نومۇرى يېزىقلىق تۇراتتى، كوچىلاردا ئادەم يوق، پەقەت لالما ئىـ
توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى، بۇ غەلىتە بىنالار مېنى ئۆزىگە
قىلىۋالغاچقا، مەندە بۇ بىنالارنىڭ ئىچىگە بىر كىرىپ بېقىش ئىستـ
قوزغالدى.

«1 - بىنا»دا كۆرگەنلىرىم:

بۇ بىناغا مۇشۇ شەھەردىكى بارلىق ئىشان، ھاپىز، سوپىلار جـ
بولغان بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە شۇلار دۇئاغا ئالغان نارەسىدە قىزلارمـ
ياشلىقنى كەيپ - ساپا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بازىرى كاساتلاشقا
"تووۋا" قىلغان بوۋىملەرمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى تولـ
قالايمىقان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا ساپايى، بەزىلىرىنىڭ قولىدا داپـ
يەنە بەزىلىرىنىڭ قولىدا تەسۋى ۋە بەزىلىرىنىڭ قولىدا چىلىم...

بۇلار چىلىمنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، خۇمارىنى باسقاندـ
كېيىن ئەھمەت يەسەۋىينىڭ:

"قۇل خوجا ئەھمەت ئەر بولساڭ ئۆلگەن ياخشى،
قىزىل يۈزۈڭ قارا يەردە سۇلغان ياخشى.
تۇپراق سۈپەت يەر ئاستىدا بولغان ياخشى،
زاتى ئۇلۇغ غوجام سېغىنىپ كەلدىم ساڭا."

دېگەن ھېكمەتلىرىنى ئوقۇپ، ساپايى بىلەن داپنى بوراندا قالغان قونـ
شېخىدەك ئېگىلىپ چېلىپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى كۆلا كىيگەن باشلىرـ
قاتتىق سىلكىگىنىچە ساراڭ تۆگىدەك سەكرىشەتتى.

«2 - بىنا»دا كۆرگەنلىرىم:

قىزىق ئىش، بۇنىڭ ئىچىدە بىر توپ كىشىلەر ئەتىگەندە كېـ

باشلىق چۈشتە قىزىلمۇچ ھارىقىنى بەك كۆپ ئىچۋالغانمۇ ياكى ھۆپۈپ قورۇمىسى يېگەنلەرنىڭ بىرەرسى قاتتىق چىرقىراشتىن يەل قويۇۋەتتىمۇ، ئىشقىلىپ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسقىلى تەمشىلىۋىدى، شۇئان كەپكە شەپكە كىيگەن تازچاق بىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كەپكىسنى باشلىققا تۇتۇپ بەردى، باشلىق ئۇنىڭ كەپكىسگە قۇستى، ئۇ كەپكىنى خۇددى ئۇنچە - مەرۋايىت توشقۇزۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن غۇلاملاردەك ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كەينىچە قايتىپ سەپنىڭ ئىچىگە كىرگەندى، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغان ھالدا قاراشتى.

مەن بۇ پەسكەشلىكنىڭ شاھىتى بولۇپ قېلىشنى راۋا كۆرمەي ياقامنى چىشلىگەن ھالدا يېنىپ چىقتىم.

«4 - بىنا»دا كۆرگەنلىرىم:

بۇ بىنا مۇشۇ شەھەرنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى بولۇپ، مەھكىمە خىزمەتچىلىرى ئادەتتە ئىشخانىدا ئىش بېجىرمەيدىكەن. ئەگەر كىمنىڭ بۇ يەرگە ھاجىتى چۈشسە مۇناسىۋەتلىك كىشىنىڭ ئۆيىگە "زەللە" كۆتۈرۈپ كىرىپلا ئىشنى پۈتتۈرۈپ كېتىدىكەن.

تەرەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىرگەنىدىم، ئاياللار ھاجەتخانىسى بىلەن ئەرلەر ھاجەتخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسما تامنى تېشىپ چىقارغان ھاۋادانغا بىر ئېلېكتر لامپۇچكىسى ئېسىپ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنى پولات چۈۋىق بىلەن بېكىتىپ قويۇپتۇ. ئەگەر شۇنداق قىلمىسا تەرەتخانىنىڭ لامپۇچكىسمۇ تۇرمايدىكەن.

بۇ شەھەردە تەپتىش خادىملىرى تەرەتخانىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئوغرىلىغاندىكىن، باشقا بىنالاردىكى كۆرۈنۈشلەردىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇدەك.

"زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس" دېگەندەك، مانا مەن ھازىر ئۆز يۇرتۇمدىكى پاراۋان تۇرمۇش، ئىللىق چىرايلارنى، قايناق ھاياتنى سېغىنىپ كەتتىم. "بولدى بەس، قالغان بىنالارغا كىرمەيلا قوياي، ئەگەر بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسام

ئېچىنى كۆرەلەيدىغان، ئېچىدىكىلەر سىرتىنى كۆرەلمەيدىغان ئەينەك بىل توسۇقلۇق بولغاچقا، مەن بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تولۇق كۆزىتىپ تۇردۇم.

بۇلار ئۆز مەرتىۋىسىگە قاراپ، ئەتراپقا تاراپ ئورۇن ئېلىشتى. قىزى ئىش، بىزنىڭ شەھەردە ئاشپەزلەر ئاق خالات كىيەتتى، بۇ ئاشپەزلەر ق خالات كىيىدىكەن. مانا، كۈتكۈچىلەر تاماق كەلتۈرۈشكە باشلىدى. تۇ بىزنىڭ يۇرتتا شىرەگە تاماق تولۇق كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېي "ئالسىلا، باقسىلا..." دەپ تەكەللۇپ بىلەن يەيتتۇق، بۇلار كەلتۈرۈلگە قورۇملارغا خۇددى تاپقا ئۇلاشقان قاغا - قۇزغۇنلاردەك ئاچ كۆزلەر ھۇجۇم قىلىپ، تەخسىلەرنى ئۇدۇللۇق قۇرۇقداپ تۇرىدىكەن.

يەپ - ئىچىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشقا چۈشۈشكە دا ئۇرۇلدى. بويى پاكار، چېچى شالاڭ، دوقا ماڭلاي، قوتۇر ئامۇتنە يوغان بۇرنى قىپقىزىل پارقىراپ تۇرىدىغان شەھەر باشلىقى تەختك چىقىپ ئولتۇردى، مۇلازىملار باشلىققا پارلىل تۇرۇپ سەككىز رەكە «تۆھپە ناماز» ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋ سىلىپ، قولباغلاپ تۇرۇشتى، شەھەر باشلىقى شۇئان قولىغا يوغان بى پارچە قارا كۆمۈرنى ئېلىپ:

— جامائەت، بۇ كۆمۈر ئاقمۇ-قارىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرى قانداق دېسىلە شۇنداق! — دەپ جاۋاب بەردى مۇلازىملار.

باشلىق بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ:

— بۇ كۆمۈر قارا ئەمەس، ئاق، — دىگەندى:

— دۇرۇس، ئاپئاق! — دېگەن چىرقىراق ئاۋاز يەتتە قات ب تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى. باشلىق بىر تۇتام ئاق پاختىنى قولى ئېلىپ:

— بۇ پاختا قارا، — دىگەندى.

— دۇرۇس، قاپقارا! — دېگەن زەئىپ ئاۋازلار ب تەكرارلاندى...

ساقچى باشلىقى مېنى بىر ھازا سوراق قىلغاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ شەھىرىمىزنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرى ھەمدە خەلقىمىزنىڭ يوسۇنلىرىمۇ ئۆزگىچە، بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن بىز شەھەر پۇقرالىرىنى پەقەت سىرتقا چىقارمايمىز. سىرتتىن كەلگەنلەرنىمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرمايمىز، ئەگەر ياشاشنى خالىساڭ «1 - بىنا» دىكى ئىشان، سوپىلار بىلەن بىرگە ياشا. خالىمىساڭ سېنى ئۆلتۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى.

— ئۇنداق بەڭگىلەر بىلەن ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەل، — دېدىم مەن قەتئىي قىلىپ.

ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كەلدى. جازا مەيدانىدا ئېگىز بىر دار بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ بوينۇمنى قىل ئارغامچىدا باغلاپ دارغا ئاستى، ھەش - پەش دېگۈچە مەن ئۆزۈمنى ھاۋادا كۆردۈم... قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىرى ئارغامچىغا ئوقيا ئاتتى. قىل ئارغامچە ئۈزۈلدى، ئاھ، مەن پەسكە چۈشمەكتىمەن، چۈشمەكتىمەن... يەر بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم بارغانچە ئۈزىرىپ كەتكەنىدەك ھېچ يەرگە چۈشمەيۋاتىمەن، مانا، يەرگە بېشىم ئاستىن، پۇتۇم ئۈستۈن بولۇپ چۈشتۈم... "ۋايجان ..."

چۆچۈپ ئويغاندىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆز ئۆيۈمدە يېتىپتىمەن. مېھرىبان ئانام ئاپئاق لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزلىرىمدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپتۇ، ئەتراپقا قارىسام سائەتنىڭ ئىسترېلكىسىدىن باشقا ھەممە نەرسە مەن ئاخشام كۆرگەنىدەك تۇرۇپتۇ.

— مېنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىز ئوغلۇم، — دېدى ئانام يۈرىكىنى تۇتۇپ.

دېمەك، مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، كۆرگەن چۈشۈمنى ئانامغا ئۆرۈپ بېرىپ، ئانامغا مەڭگۈ تۈزكورلۇق قىلماسلىق ھەققىدە ۋەدىمۇ بەردىم.

— ياق بالام، سىز مېنىڭ ئاق سۈتۈمنى ئېمىپ چوڭ بولغان، شۇڭا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ھەرگىز قارا بولمايدۇ، — دېدى ئانام

بۇلارنىڭ ئۇللەتلىرى ماڭىمۇ يۇقۇپ قالمىسۇن" دەپ ئويلاپ، ئۆز يۇرتۇمغا قايتىش ئۈچۈن ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدىم. قارىسام، دەرۋازا تاقاقلىق ئىكەن. بۇ دەرۋازىنى بويىي پاكار، دىڭماق كەلگەن، چاچ-ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان، چىرايى قارا، بىر دولىسى ئېگىز، بىر دولىسى پەس بىر مەخلۇق باقىدىكەن. مەن ئۇ مەخلۇققا:

— تەخسىر، مېنى چىقىرىۋەتسىلە، ئۆز يۇرتۇمغا كېتىۋالاي! — دېدىم.

— سەن باشقا يۇرتلۇق ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇ چىشلىرى پوتۇنلەي چۈشۈپ كەتكەن ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ.

— خوش، مەن باشقا يۇرتلۇق، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ.

— ھە، سەن پايلاقچى ئىكەنسەن-دە؟ ئولجا، ئولجا! مەن سېنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ مۇكاپات ئالىدىغان بولدۇم، — دەپ سەكرىدېپ كەتتى ئۇ مەخلۇق.

مەن ئۆزۈمنىڭ پايلاقچى ئەمەسلىكىم ۋە بۇ شەھەرگە نېمە سەۋەبتىن كېلىپ قالغانلىقىم ھەققىدە قانچە سۆزلىگەن بولساممۇ، ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمگە پەقەت ئىشەنمەي:

— "ھايۋاننىڭ ياخشىسى كىشى يۇرتىدا ئۆلىدۇ، ئادەمنىڭ ياخشىسى ئۆز يۇرتىدا" دېگەن ماقال بار. ئەگەر سەن ياخشى ئادەم بولساڭ ھەرگىزمۇ ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلمايتتىڭ. سەن پايلاقچى بولمىغاندىمۇ ئۆز خەلقىڭگە، ئۆز يۇرتۇڭغا يۈز كېلەلمىگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويۇپ قېچىپ كەلگەن خائىن. بۇ يەردىمۇ قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆتلىكىنى بىلىپ يۇرتۇڭغا كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. قايتىپ بارساڭمۇ ساڭا ياخشى كۈن يوق. شۇڭا سېنى بىز مۇشۇ يەردىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، — دەپ، قولۇمغا كويزا سېلىپ ساقچىغا ئېلىپ ماڭدى.

ھېلىقى مەخلۇقنىڭ مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپ قانچىلىك مۇكاپات ئالغانلىقى ماڭا نامەلۇم. بىر پەستىلا ئۆزۈمنى ساقچى ئىدارىسىدا كۆردۈم.

# ھەسرەتنامە

## ھاراقكەشنىڭ مەنتىقىسى

بۈگۈن كونا ئۆلپەتلىرىمدىن بىر قانچىسى يوقلاپ كەپتۇ. بىزدە "ئۆزى كەلگەن مېھمان — خۇدايى مېھمان" دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتمىسەم بولمايتتى. قانداق كۈتۈش ئوبدان كۈتۈش بولىدۇ؟ ھەي، شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، ئەلۋەتتە ھاراق بىلەن كۈتۈش-تە. مەن ئوغلۇمغا 50 يۈەن تۇتقۇزۇپ، ھاراق، تاماكا ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم. ئوغلۇم ھايال ئۆتمەي ئىلىنغىدىن بىر بوتۇلكا ۋە ئۈچ قاپ تاماكا ئەكىرىپ بەردى. مەن بوتۇلكىنى ئېچىپ، قائىدە بويىچە ئاۋۋال ئۆزۈم بىرنى قېقىۋەتتىم. قاتتىمدە گېلىم غىققىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ سۇ قوشۇلغان ھاراقكەن ئەمەسمۇ. مېھمانلىرىمنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. مەن ئۇلاردىن ئۆزرە سوراپ، ئوغلۇم دائىم ھاراق ئەكىرىدىغان دۇكانغا چىقتىم. ئاچچىقىمغا چىدىماي دۇكاندارغا بىر مۇنچە قاتتىق گەپ قىلىۋېتىپتىمەن. كېيىن قانداق بولدى، دېمەمسىز؟ ئەسلىدە ئوغلۇم ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋېلىپ، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن بوتۇلكىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ ئاندىن ماڭا ئەكىرىپ بەرگەنىكەن. مۇشۇ كۈندىكى باللارنىزە، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن، تاڭ؟! مەن بۇ ئارزۇلۇق ئوغلۇمنى ساۋاقداشلىرىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالمىسۇن دەپ مەكتەپكىمۇ بەرمىدىم. ئويۇنغا ئامراق، ئىشقا خام بولۇپ قالمىسۇن دەپ، مەشرەپكىمۇ بەرمىدىم. ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ كۆز قارچۇقۇمدەك ئاسراپ چوڭ قىلدىم. ئەمدى كېلىپ بۇ ھارامىلىق مېنىڭ دوپپامغا چىگىدە سالغۇدەك بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بۇنداق ساختىپەزلىكنى

مېھرىبانلىق بىلەن.

مەن ئانامغا ۋە ئەل ـ جامائەتكە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى: مە
ئۆز ئانامدىن، ئۆز يۇرتۇمدىن مەڭگۈ يۈز ئۆرۈمەيمەن ھەمدە ھېلقىدەك
قورقۇنچلۇق چۈشنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايمەن ۋە قايتا كۆرمەسلىكنى
خۇدادىن تىلەيمەن.

دوستلاشقىنىڭ، ئەقىل بىلەن خوشلاشقىنىڭ" دېگىنى شۇ ئىكەن - دە!

قىرىق ياش ۋاقتىم ئىدى، بايلىق قىزى كېلىپ ئىشىكىمنى چېكىپتۇ. بىراق مەن ئۇ چاغدا يول بويىدىكى ئورمانلىقتا مەست ياتاتتىم. ئاغزىمدىن ئېقىۋاتقان قۇسۇقنى ئاچ قالغان بىر لالما ئىت ھۇزۇرلىنىپ يالاۋاتاتتى. ئۆيدە ئىشىك ئاچىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۇ ساقلاۋېرىشكە چىدىماي باشقا بىرىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قاپتۇ. نېمە ئامال، كونىلارنىڭ: "مەستلىك ـــ نەسلىك" دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ.

ئەللىك ياش ۋاقتىم ئىدى، بەخت قىزى كېلىپ ئىشىكىمنى چەكتى. بىراق مەن قوپۇپ ئىشىكنى ئاچالمىدىم. چۈنكى مەن غەرق مەست ئىدىم. بۇيرۇي دېسەم ئۆيدە نە ئايالىم، نە باللىرىم بولمىغاچ ئۇمۇ كىرەلمەي كېتىپ قالدى. نېمە ئامال، كونىلارنىڭ: "ھەر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى" دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ.

مانا، ھەش - پەش دېگۈچە يېشىم ئاتمىشقىمۇ ئۇلاشتى. ئەمدى ھاراق ئىچسەم ئاشقازىنىم ئاغرىيدۇ، ئىچمىسەم بېشىم ئاغرىيدۇ. ئىشىك، دېرىزىلىك بۇ زامانىۋى گۆردە ئۆز - ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشىپ، ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتىمەن. تېخى ئىشىكنى قىيا ئېچىپمۇ قويدۇم. خىيال قىلىمەن، كۈتىمەن، پۇشايمان قىلىمەن. بىلىمەن، مېنى ئەمدى مۇھەببەت قىزىمۇ، ئىستىقبال قىزىمۇ، بايلىق قىزىمۇ، بەخت قىزىمۇ يوقلاپ كەلمەيدۇ. ئەمدى يوقلاپ كېلىدىغان، چوقۇم يوقلاپ كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىرلا قىز قالدى. ئۇ بولسىمۇ ـــ ئەجەل قىزى. ئىست! قايتا تۇغۇلۇش نېسىپ بولسا ئىدى... ھەي بۇ مۇمكىن ئەمەس. كونىلارنىڭ: "كېيىنكى پۇشايمان ـــ ئۆزۈڭگە دۈشمەن" دېگىنىنى ئەمدى چۈشەندىم!

نەدىنمۇ ئۆگەنگەندۇ؟ ئىسست، مېنىڭ قىلغان ئەقىدەم!

## ھاراقكەشنىڭ پۇشايمىنى

ياشلىقىمدا بىر قىزنىڭ پىراقىدا ئىشق-مۇھەببەت ئۈچۈن ئىچتىم
توي قىلىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇۋېدىم يېڭى تۇرمۇشۇمنى
قۇتلۇقلاپ خۇشاللىقتا ئىچتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىم ئۇسۇۋېدى تەست
كەلگەن بۇ ھوقۇقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھاياجاندا ئىچتىم. ئاخىر يەن
ھوقۇقتىن ئايرىلىپ ئارامغا چىقىۋېدىم قولدىن كەتكەن شۇ ھوقۇققا ئىچ
ئاغرىتىپ ھەسرەتتە ئىچتىم. ئەمدى ئويلىسام، مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم پەقەت
ئىچىش بىلەنلا ئۆتۈپتۇ. ئەجدادلار ئاۋۇنغۇدەك، ئەۋلادلار سۆيۈنگۈدەك
بىرەر ئىش قىلماپتىمەن. مانا ئەمدى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ
كۈنلىرىمنى ئەسلەپ، مىڭ پۇشايمان، يۈزمىڭ نادامەتتە بىر كۈن
بولسىمۇ غەم-قايغۇدىن خالاس بولاي دەپ، ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى
بېرىپ ئىچىۋاتىمەن.

## ھاراقكەشنىڭ ئۆمرى

يىگىرمە ياش ۋاقتىم ئىدى، مۇھەببەت قىزى كېلىپ ئىشىكىمنى
چېكىپتۇ، بىراق مەن دوستلىرىم بىلەن قاۋاقتا بولغاچقا ئۇ، ئۆيگە
كىرەلمەي مەندىن ھېيداپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ، شۇ كەتكەنچە قايتـ
كەلمىدى. كونىلارنىڭ: "قىز كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە" دېگىنى شۇ
ئوخشايدۇ.

ئوتتۇز ياش ۋاقتىم ئىدى، ئىستىقبال قىزى كېلىپ ئىشىكىمنى
چېكىپتۇ، بىراق مەن ئۆلپەتلىرىم بىلەن ئۆيدە ئالا-تاغىل تووۋلاپ مەي
ئىچىۋاتقاچقا ئاڭلىماپتىمەن. ئۇمۇ ئىشىكنى ئاچقۇزالماي كېتىپتۇ. ئۇمـ
شۇ كەتكەنچە بوسۇغامغا قايتا يولۇمىدى. كونىلارنىڭ: "ھاراق بىلەـ

# مۇئەللىمنىڭ ئۆيى

مەن ھېلىقى «ئاق» قا خۇمار بولۇپ قالغاندىن باشلاپ كاللىپەزلىكتىن تاپىدىغان پۇلۇم بىر قېتىملىق خەجمگىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، توي قىلىش ئۈچۈن يىغقان بانكىدىكى ئامانەت پۇلۇم تۈگەپ، ئاخىر دادامدىن قالغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى سېتىپ، ئانام بىلەن ئىككى سىڭلىمنى كىشلەرنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدىم. «يېتىپ يېسە تاغمۇ تۈگەيدۇ» دېگەندەك، بۇ كەپىكە پۇل توشمايدىكەن، ئاخىر «سەيخانا»دىكى ئۇلپىتىم قابىز بىلەن قولۇپ ئاچىدىغان بۇ تاپاۋەتلىك ھۈنەرنى كەسىپ قىلۋالدۇق. بىراق، بىر ئۇدۇل كەلگەنلا ئۆينىڭ قولۇپىنى ئېچۋەرمەيتتۇق، بەلكى ئۆي ئىگىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئۆيدىن قانداق چاغدا چىقىپ، قانداق چاغدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ھال كۈنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆينىڭ قولۇپىنى ئاچاتتۇق.

بىز نىشان قىلغان بۇ ئۆي مۇشۇ بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، بۇ ئۆيدە 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئىككى بالا تۇراتتى. بۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئەتىگەندە ئىشقا چىقىپ كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلەتتى. مەن بىر كۈنى قابىزغا:

ــ بۇلارنىڭ ھەر كۈنى قول سومكىسى كۆتۈرۈپ مېڭىشى ۋە رەتلىك كىينىشىدىن قارىغاندا چوقۇم مۇھىم ئورۇندا ئىشلەيدىغان بولۇشى ھەتتا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇشىمۇ مۇمكىن، ــ دېدىم.

ــ ياق، بۇلارنىڭ چىرىغىنىڭ ھەر كۈنى باشقىلارنىڭكىدىن بىر ـ ئىككى سائەت كېيىن ئۆچىدىغىنىدىن قارىغاندا بۇلار چوقۇم سودىگەر، چۈنكى تىجارەتچىلەر ھەر كۈنى كەچتە كۈندۈزى قىلغان تىجارىتىنىڭ ھېسابىنى قىلىدۇ، ــ دېدى قابىز مېنىڭ سۆزۈمگە قايىل بولماي.

# ہیگاپیالر

# ئېھ، ئاشۇ قىز...

مەن ئولتۇرغان ئاپتوبۇس ئىككىنچى بېكەتتە كېلىپ توختىۋىدى، ئاپتوبۇسقا يەنە يەتتە - سەككىز ئادەم چىقتى. ئاپتوبۇس ئىچى ئەسلىدىمۇ ئادەمگە لىق توشۇقلۇق ئىدى، مانا بۇ يېڭىدىن چىققانلارمۇ ئۇيانغا قىمىرلاپ، بۇيانغا قىمىرلاپ ئاخىر سىغىپ كەتتى. تۇۋا، ئادەم دېگەن كەڭرى يەردە كېرىلىپ، تار يەردە يىغىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم مەن. بىراق ئەمدى قېرىلارنىڭ ۋايساشلىرى، ئاياللارنىڭ دادلاشلىرى، بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرىغا قوشۇلۇپ ئاپتوبۇس ئىچىنى باشقا بىر دۇنياغا، توغرىسى قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك بىرخىل ھالەتكە ئوخشىتىپ قويۇۋاتاتتى.

"جاھاندا بار مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بار بىر كىشى"، توغرا، مېنىڭ كۆزۈم، ياق، پۈتۈن دىققىتىم بىرلا شۇ قىزدا، مەندىن ئىككى ئورۇندۇق ئالدىمدا ئۆرە تۇرۇپ قالغان ئاشۇ گۈزەل قىزدا، بىر قولىدا سومكىسىنىڭ ئاغزىنى، بىر قولىدا ئاپتوبۇسنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقان پېتى قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرغان ئاشۇ نازىنىن قىزدا، ئەگەر ئۇ قىز مېنىڭ يېنىمدا بولسا ئىدى، مەن دەرھال ئورنۇمنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزۈم ئۆرە تۇرسام، ناۋادا ئۇ ماڭا قارىسا ئىدى، شۇئان شەرەتلەپ ئۇنى يېنىمغا ئەكىلىۋالسام...ئاھ! ئەمدى چىدارغا تاقەت قالمىدى، ئاپتوبۇس شۇنداق بىر سىلكىنىۋىدى، قىزنىڭ ئالمىدەك كۆكسى ئالدىدا تۇرغان "گوي" نىڭ دولىسىغا تېگىپ كەتتى، بۇنىڭغا چىداش مۇمكىنمۇ؟ گەرچە بىز تېخى تونۇشمىغان بولساقمۇ، بىراق، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇ قىزغا مېنىڭ كۆزۈم چۈشۈپ قالدى - دە، دېمەك ئۆزۈك ياخشى كۆرگەن بىر قىزنىڭ كۆكسى كۆزۈڭچىلا خەقنىڭ دولىسىغا تېگىپ تۇرسا ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ئۆزۈڭنىڭ غورۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولماي نېمە؟! مەن

— قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئۆيدە پۇل بار، — دېدىم مەن گە
قىسقارتىپ، بىز ئۇلار ئىشقا كەتكەندە ئۆينى قورۇقداشنى قارار قىلدۇق
بىز ئىشكنى ئاسانلا ئاچتۇق. ئۆي ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، ب
ئەر - خوتۇننىڭ، بىرى بالىلىرىنىڭ ھۇجرىسى، يەنە بىرى مېھمانخ
ئىكەن. قابىز مېھمانخانىنى، مەن ئىككى ھۇجرىنى ئاختۇرماقچ
بولدۇق. مەن ھۇجرىغا كىرىپلا ھەيران قالدىم. چۈنكى ئۆينىڭ
تېمىنى تولۇق ئىگىلىگەن كىتاب جازىسىدا نۇرغۇن كىتاب - ژۇرنا
تىزىقلىق تۇراتتى. "توۋا، بۇ ئۆيمۇ ياكى كىتابخانىمۇ؟" دەپ ئويل
قالدىم. مەن تۆپە - تۆپىلەپ قويۇلغان چامادانلارنى ئاچاي د
تۇرسام، قابىز:

— ھاپىز، ماڭ چىقىپ كېتەيلى! — دېدى.

— نېمىشقا؟ سىرتتا بىرەر شەپە بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم م
نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ.

— ياق، بىز بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قاپتۇق. قارىمامسەن،
ئەپەندىمنىڭ ئۆيى ئىكەن، — دېدى قابىز ئۇستەلدىكى كىتاب، دەپتە
گلوبۇس ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىما قىلىپ.

توۋا، بۇ ئۆيمۇ كىتاب، دەپتەر، خەرىتە بىلەن جابدۇلغانىكە
مەنمۇ ئۇستەلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈ
قابىزغا:

— بىكار ئاۋارە بولۇپتۇق، يۈر چىقىپ كېتەيلى، — دېدىم
چۈنكى بىز تېلېۋىزور، گىلەم قاتارلىق ئادەمگە يۈك بولىدىغان لاقا
لۇقلارنى ھەرگىز ئالمايتتۇق؛ نەق پۇل، زايوم، ئالتۇن جابدۇق
ئوخشاش بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بۇنداق ئۆيلەرنى غەلۋى
تاسقىسىمۇ چىقمايدىغانلىقى بىزگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.

# ئىللىق سابا

— تاغا، قېنى مەرھەمەت، ئاشخانىمىزغا كىرىپ تاماق يەپ قايتىسىلا!

— ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلماڭلا ئۇكام، ئاشخانا ئەمەس، بۇلاڭخانىغۇ بۇ.

— تاغا بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ بۇ دېگەن شەھەر بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك رېستوران، ئاشخانىمىزنىڭ تاماقلىرىغا ئېغىزلىرى تېگىپ قالدىمۇ بولدى، باشقا ئاشخانىدا ھەرگىز تاماق يېگىلىرى كەلمەيدۇ. بەتتە يەملا، پولۇمۇ؟ مانتا يەملا، يۇتازىمۇ؟ بولاق مانتا، پېتىر مانتا، يۇمىلاق مانتا، سۇقا مانتا، كاۋا مانتىسى، كۇدە مانتىسى، گۆش مانتىسى، تۆش مانتىسى، چۆچۈرە، ئۇگرە ھەممىسى تەييار.

— بولدىلا، ئادەمنى تولا جىلە قىلمىڭا ئۇكام، شۇ تاپتا قورسۇقۇم كوركىراپ كېتىۋاتىدۇ. تاماق يەيدىغان يەرگە پاتراق بېرىۋالاي.

— تاغا، مەنمۇ سىلىگە باشقا گەپ قىلمىدىم. تاماق يېسىلە دەۋاتىمەن.

— ئۇكام، مەنمۇ سىزگە دەپ قوياي، ئېشەك جېنىدا پۇتى تېيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ. مەن دېگەن پۇتۇن-سۇرۇك بىر ئادەم، شۇڭا يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان بۇنداق ئاشخانىغا ئىككىنچى كىرمەسلىككە قەسەم ئىچىۋەتكەنمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ گەپلىرىنى ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ؟

— چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي ئۇكام، بۇنىڭدىن دەل ئىككى ئاي ئىلگىرى شەھەرگە پاختا ساتقىلى كىرىۋىدىم، پاختا زاۋۇتىدىكى پىرىيومچىلار، پاختا ھۆل كەن، يېيىپ قۇرۇتمىساڭ ئالمايمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. پاختىنى يېيىپ قۇرۇتۇپ،

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئورنۇمدىن "لىككىدە" تۇرۇپ كەتتىم ـ دە:
— قىزچاق، بۇياققا كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇۋېلىڭ! ـ
دېدىم. قىز بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى، ياق، ماڭا قىيا باقتى، توغرىسى
ئېيتسام پۈتۈن جاھان ماڭا قارىدى. قىز مېنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغا
ھالىتىمدىن بۇ ئىلتىپاتنى دەل ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندى
بولغاي، ماڭا شۇنداق ئىللىق تەبەسسۇمدىن بىرنى تەقدىم قىلى
قويۇپ:
— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! مەن دېگەن ياش، ئۆرە تۇرسام
كېرەك يوق. ئەگەر خالىسىڭىز ئورنىڭىزنى يېنىڭىزدىكى بوۋايغا بوشىتى
بېرىڭ، — دېدى. يېنىمغا قارىسام مەن بىلەن بىرگە ئاپتوبۇس
چىققان، ياق ئەسلىي ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە مەندىن بۇرۇن كەلگە
بولسىمۇ، قېرىلىقىدىن مېنىڭ ئارقامدىنراق ئاپتوبۇسقا چىقىپ
ئورۇندۇققا ئېرىشەلمىگەن ھېلىقى — چاچ ـ ساقاللىرى تەكشى ئاقارغا
مويسىپىت كىشى قىزچاققا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇستىكى
كىشىلەر بولسا گاھ قىزغا رازىمەنلىك بىلەن قارىسا، گاھ ماڭا مەسخىر
نەزىرى بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى.
قىزچاقنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرمەسلىككە مەندە نېمە ئامال دەيسىز
مەن بوۋاينىڭ ئۈنىمغىنىغا قارىماي ئۇنى ئورنۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزۈم
ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆرە تۇردۇم. ئۆرە تۇردۇم ـ دە، نېمە ئۈچۈندۇر شۇئا
ئۆزۈمنى ئېغىر بىر يۈكتىن يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.
بوۋاي ماڭا قاراپ: "رەھمەت ئوغلۇم!" دېۋىدى، مەن بوۋايغا:
— سىلى بۇ رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، بەلكى ئاۋۇ قىزغا ئېيتس
بولىدۇ، — دەپ قىزچاققا قارىدىم. قىزچاقنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغا
بۇلاقتەك، ياق، ئاتەشتەك بىر جۈپ كۆزىدىن مەن بىر خى
سەممىيلىكنى، رازىمەنلىكنى، يەنە نېمىدۇر ئىشقىلىپ مەن تەش
بولۇۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.
ئېھ، ئاشۇ قىز ...

ھەيدىۋەتسەڭلا، مەن سىلەرگە يەنە نېمىدەپ پۇل بەرگۈدەكمەن، — دەپ تۇرۇۋالسام، ئاخىر باشلىقڭلار كېلىپ:

— بۇ دېگەن رېستوراننىڭ تۈزۈمى، پۇلنى چىرايلىقچە بېرىپ چىقىپ كېتىڭ، ھېلى بىكار قوغدىغۇچىنى چاقىرساق يىگىرمە كۈيىنىڭ تاشايىندا يەنە ئاممىۋى تەرتىپنى بۇزغان، دەپ جەرىمانە قويىدۇ، — دېدى، بىز دېھقان خەق جەرىمانە دېگەن ئاپەتتىن بەك قورقىمىز ئەمەسمۇ، باشلىقڭلارنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىپ بولغۇچە، يېنىمدىن يىگىرمە كويىنى ئېلىپ قولىغا "پاققىدە" تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئىچىمدە قاغاپ يېنىپ چىقتىم، شۇ غەشلىكتە تاماقمۇ يېمەي ئۆيگە چىقىپ كەتتىم، بۇ يەرگە كىرمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەندىم، ئەمدى چۈشەندىم، كەچۈرسىلە تاغا، ھازىر ئۇنداق ئىش يوق، يالغۇز كىرىپ ئىشتىھالىرىغا لايىق بىرەر قاچا تاماق يەملا ۋەياكى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى باشلاپ كىرىپ بىر ئۇستەللىك تاماق بۇيرۇتاملا ئىختىيارلىرى، بۇرۇنقىدەك ئىشكتىن كىرگەندە يىگىرمە كوي ئالىدىغان ئىشقۇ ھازىر يوق، ھەتتا ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر چەينەك چاي ئىچىپ چىقىپ كەتسىلىمۇ بىر پۇڭ ئالمايمىز.

— ئۇكام بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

— راست تاغا، ئىشەنمىسىلە سىناپ كۆرمەملا، ناۋادا دېگەنلىرىم يالغان بولۇپ قالسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرەي.

— سىلەرنىڭ كۆپكۆندۈزدە ئادەم بۇلايدىغان بۇ ئاشخاناڭلارنى قايسى ئوغۇل بالا مۇشۇنداق تۈزۈۋەتتى، ئۇكام؟

— قايسى ئوغۇل بالا بولاتتى، يەنىلا شۇ ھۆكۈمەت، تاغا.

— ئۇكاموي، ھۆكۈمەت دېگەن شۇ چاغدىمۇ بار ئىدىغۇ، ئۇچۇقراق دەڭا گېپىڭىزنى!

— بۇ مۇنداق گەپ تاغا، يېقىندا ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ ئۆگىنىپ قالغانلار ئۇنداق قىممەت تاماقلارنى

ئۆچرەت ساقلاپ، پاختىنى ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ بولغۇ
كەچ كىرىپ كەتتى. پۇلنى ساناپ يانچۇقۇمغا سېلىپ بولۇپلا، ئاندى
ئەتىگەننىڭياقى ئاغزىمغا لوقما سالمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى — د
ئاۋۋال قورساقنى بىر ئەستەرلەپ ئاندىن ئۆيگە قايتاي، دېگەن خىي
بىلەن كونا شەھەردىكى چۆپقىتىمنىڭ ئاشخانىسىغا كىتىۋېتىپ، مانا مۇش
سىلەرنىڭ رېستورانىڭلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن، دېرىزىنىڭ ئەينىكدى
كىشلەرنىڭ ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەللەردە بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ
تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئاللامۇ "پاكلىقنى ۋە پاكىز بەندىلەرنى
دوست تۇتىمەن" دېگەن ئەمەسمۇ، شۇڭا يېنىمدا پۇل بولغاندىك
چىداپ مانا مۇشۇنداق پاكىز ئاشخانىدا بىر قېتىم تاماق يەپ باقاي، دەد
ئاشخانىغا كىردىم. بوسۇغىدىن ئاتلىشىمغا پەرىزاتتەك بىر قىز ماڭا باشتىن
ئاياغ بىر قاراپ چىقتى — دە:

— بېرەرسىنى ئىزدەمدىلا؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇ، ئۆزى
چىرايلىق، گېپى سەت قىزغا:

— تاماق يېگىلى كىردىم، — دېسەم، ئۇ يەنە:

— جوزا بولاملا؟ — دەپ، سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— قىزىم، مەن دېگەن دېھقان، جوزا بولايدىغان ھۈنەرنى
بىلمەيمەن، سىز ماڭا بىر تەخسە لەغمەن سېتىپ بېرىڭا، مەن شۇنى
يەپ ئۆيۈمگە قايتىۋالاي، — دېدىم. بىراق ئۇ قىز مېنى، "ئېماندا
ساراڭ گاداي ماۋۇ" دەپ تىللاپ قويۇپ، يېڭى كىرگەن مېھمانلارغا چاي
قۇيۇشقا باشلىدى. "بوپتۇلا، ئاشخانىسى مەينەت بولسىمۇ، تامىقى
ھالال، مۇئامىلىسى ئىللىق بولغاندىكىن، يەنىلا شۇ كونا شەھەردىكى
ئاشپۇزۇل ياخشىكەن ..." دەپ قايتىپ ماڭسام، ئىشىك تۈۋىدىكى
باقاۋۇل:

— ئاشخانىغا كىرگىنىڭگە يىگىرمە كوي تۆلەيسەن، — دە
ئېسىلىۋالدى. مەن:

— سىلەر ماڭا بىر تەخسە تاماق بەرمەكتە يوق تىللا

# ھەر كاللىدا ھەر خىيال

چوققىسى ئېشىلىپ كەتكەن تەلپىكىنى تازىدەك چۆكۈرۈپ كىيىپ، خاماندا ئۈنچە قۇرۇتۇۋاتقان توختاخۇن ياۋاشنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر خالتا كۆڭلىكىدىن پارغا ئايلىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولغان بىلەن خىيالى ئەتىيازدا ئامانەت – قەرز كوپىراتىپىدىن ئۆتۈنۈپ ئالغان 500 يۈەن قەرزنى قانداق قىلىپ تۆلەشتە ئىدى. قەرزنىڭ مۇددىتى يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن توشاتتى. قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتمىسە بىرىنچىدىن ئۆسۈمگە جەرىمانە قوشۇپ تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. يەنە بىرى كېلەر يىلى يەنە قەرز، دەپ بېرىشقا بولمايتتى. بۇ گەپنى ئەتىيازدا ئامانەت – قەرز كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى ئۇنىڭغا جېكىلەپ قويغان. بىراق قېرىشقاندەك يېقىندىن بېرى ئىككى كۈندە بىر يامغۇر يېغىپ خاماندىكى ئۈنچىنى قۇرۇتمايۋاتاتتى. بۈگۈن يامغۇردىن كېيىن ئاپتاپ تازا چىقتى. شۇڭا توختاخۇن ياۋاش ئىككى كۈندىن بېرى يامغۇردا بىخسىپ قالغان ئۈنچىنى ئىسسىققا قارىماي چۇۋۇۋاتاتتى. ئۈنچە تېزرەك قۇرۇسا خامانى ئېلىپلا بۇغدايىنى سېتىپ ئامانەت – قەرز كوپىراتىپىنىڭ قەرزنى تۆلىۋېتىپ "ئۇھ" دېسە ھاردۇقى چىقاتتى. چۈنكى كونىلار، "چىنە بولسا دېزى بولمىسا، يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا" دەپ بىكار ئېيتمىغان – دە!

شۇ ئەسنادا ئامانەت – قەرز كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى تۇردى مۇھەممەت «SUZUKI» نى بوتۇلدىتىپ كېلىپ قالدى. ئېنىقراقى ئۇ مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ يەكشەنبە كۈنى بىر كالا ساتقانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنىڭ ئۆيىگە ئامانەتنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ماڭغانىدى. يول بويىدا ئۈنچە چۇۋۇۋاتقان توختاخۇن ياۋاشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ئۆتەي دەپ ئويلاپ، دەرھال تورمۇز قىلدى – دە، موتسىكلىتىنىڭ

شەخسىي پۇلىغا يېمەيدىكەن؛ شۇنداق قىلىپ تىجارىتىمىز كۈندىن كۈنگە كاساتلاشتى، شۇڭا بىزنىڭ خوجايىنمۇ بۇرۇنقى نامۇۋاپىق تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، رېستوراننى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە لايىق قىلىپ ئېچىۋەتتى، مانا مەنمۇ شۇڭا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ خېرىدار چاقىرىۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ ئۇكام، شۇ نەپسانىيەتچىلەرنىڭ نەپسىگە چەك قويۇلسا، بىز دېھقانلارنىڭمۇ كۈنىمىز تۇغۇلىدىكەن - دە، مۇشۇنداق ياخشى سىياسەتنى چىقارغان ئۇغۇل بالىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت!

قورۇپ قالار، خامانلى ئالغان ھەپتىسى بۇغدايدىن بىر تاغارنى بازارغا ئەكىرىپ ساتقۇزۇپ بىر كىيملىك شىيۇن دۇخاۋا ئالغۇزۇپ كىيسەم، ئالتە ئاي ياز ئېتىزدا ئىشلىگەننىڭ ھاردۇقمۇ چىقىپ قالاتتى. شىيۇن دۇخاۋنىڭ زادى قانداق رەڭلىكنى ئالغۇزسام بولار؟ قىزىلى، ياق ئالما ئۇرۇقدىن …

مانا ھويلىنىڭ ئىشكى مايسىراپ قالغان يارىياردەك غىچىرلاپ ھەلىمخاننىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئىشىكتىن ئۇستۇۋىشىدىكى توپا چاڭغا تەر قوشۇلۇپ خۇددى لاي ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغان توختاخۇن ياۋاش ئېغىر قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى ئارىنى تامغا ئاستا يۆلەپ قويۇپ، قاپاقتىكى سۇدىن ئىككى جامنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، جاۋغايلىرىغا ساقىغان سۇنى قولى بىلەن سۈرتكەچ، تەلپىكىنى سۆكىگە تاشلاپ قويۇپ ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— خاماندا تۇرسام بانكىدىكى تۇردى مۇھەممىتاخۇن قەرز سۈيلەپ كەپتىكەن، بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىپ بەرسىلە بۇغداينى سېتىپلا تۆلەي دېسەم ئۇنىماي، سوتقا ئەرز قىلىمەن، دەپ كېتىپ قالدى. راست سوتقا ئەرز قىلسا قانداقمۇ قىلارمىز، خوتۇن؟ — دەپ سورىغاندى، ھەلىمخان ئېرىگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ:

— بۇ چاغقىچمۇ مەن سىلىگە ئۇنى كىيەي، بۇنى كىيەي، دېمىدىم، ھېلىمۇ شۇ، نېمە ئېلىپ بەرسىلە شۇنى كىيمەن، — دېدى.

— ھوي خوتۇن، مەن سىلىگە نېمە كىيسىلە دېمىدىم، بانكىدىن ئالغان قەرزنى قانداق قىلىپ تۆلەيمىز، دەۋاتىمەن!؟

— ھە ماقۇل، ئەمسە ئالما ئۇرۇقى شىيۇندىن بىر كىيملىك ئېلىپ بەرسىلە، قالغىنىنى كۈزدە پاختا ساتقاندا ئېلىپ بەرسىلىمۇ مەيلى …

«ئۆچكە جاڭگال چۇشەپتۇ، توخۇ داڭگال» دېگەندەك خوتۇنىنىڭ كۆپكۈندۈزدە ئۆرە ئولتۇرۇپ كىيىم چۈشەۋاتقانلىقىدىن تەئەججۈپلەنگەن توختاخۇن ياۋاش «بۇ خوتۇنغا جىن چاپلىشىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇدۇل كەپەرخانىغا كىردى - دە، بىر جۈپ باچكىنى ئېلىپ،

ئۇستىدىن چۈشمەيلا:

— ھارمىغايلا توختاخۇن! — دەپ سالام قىلدى.

توختاخۇن ياۋاش كۈتۈلمىگەن بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقـ
قارىدى، قارىدىيۇ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقان تـۇ
مۇھەممەت ئاخۇننى كۆرۈپ، سارغا يولۇققان چۆجىدەك ئېگىر
قالدى. تۇردى مۇھەممەت يەنە:

— قانداق، قورۇي دەپ قاپتۇمۇ؟ — دېگەندى. توختا
ياۋاش تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — ھازىر تۆلىگىلى پۇل يوق، قەرز
خامانىنى ئېلىپلا تۆلەي، — دېدى.

— مەن سىلىنى قەرز تۆلە دېمىدىم، مۇسۇلماندارچىلىق
يۈزىسىدىن سالام بېرىۋاتىمەن.

— بەش ئايدىن بېرى سەۋرى قىلىپ بەردىلە ئۇكام، يەنە ئىكك
ئۈچ كۈن تەخىر قىلىپ بەرسىلە، مەن بۇغدايىنى سېتىپلا ئاۋ
ئۆزلىرىنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتەي.

— توختاخۇن، سىلى ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ نېمە؟

— جېنىم ئۇكام سوتقا بارمىسىلا مەن تۆلەي! ...

تۇردى مۇھەممەت بۇ ئادەمنىڭ "كاللا دېسە پاچاق" دە
تۇرۇشىدىن زېرىكتىمۇ ياكى ئۆز ئىشىغا ئالدىراپ قالدىمۇ ئىشقىل
موتونى خوتقا سېلىپلا توپا توزۇتۇپ كېتىپ قالدى. توختاخۇن ياۋاش:

— ئاھ خۇدا، ئەمدى مېنى قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىمىدى، د
ئۇستۈمدىن سوتقا ئەرز قىلسا ئەل - جامائەت ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق
كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن، — دەپ قولىدىكى ئارىغا تايانغان پېتى نېمە قىلار
بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

ھويلىدا يىلىم سوقۇپ ئولتۇرغان ھەلىمىخاننىڭ قولى ھاۋانچىس
تېشىدا، خىيالى خاماندا ئىدى. "بىتەلەي تېزەك تەرگىلى چىقسا، ك
سۇغا تېزەكلەپتۇ" دېگەندەك مانا ئەمدى بۇغدايىنى ئورۇپ تۇرسا،
كاساپەت يامغۇر قېرىشىپ خامانىنى ئالغۇزمايۋاتىدۇ. خەپ، ئۇنچ

تۇرقىدا كەلگۈسىدىكى شېرىن تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ لەززەتلىرىنى سۈرمەكتە ئىدى.

ئوقۇرمەنلەر سورايدۇ:

— توختاخۇن ياۋاش ساراڭمۇ؟

— ھەلىمخانغا جىن چاپلىشىۋالدىمۇ؟

— ھەببە راستىنلا شۇنداق قىلىن قىزمۇ؟

مۇئەللىپ ئېيتىدۇ:

— ياق، ئۇلار ھەممىسى سىز ۋە ماڭا ئوخشاش ئەقىل - ھوشى جايىدا، نورمال ئادەملەر.

مانا بۇ شۇنداق جاھان! ھەر كاللىدا ھەر خىيال!

قوشنا كەنتتىكى موللامنىڭ ئۆيىگە چىراغ ياققۇزۇپ بېقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ھەلىمىخان ئېرىنىڭ مەردلىكىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۆگزىنىڭ گۈلە يايغىلى چىقىپ كەتكەن ھەببە ئۆگزىدىن چۈشۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈز، بويۇنلىرىدىكى تەرنى چىت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىغانىدى، ھەلىمىخان قىزىغا:

— قاراڭ قىزىم ھازىرلا دادىڭىز خامانىدىن كېلىپ، ئالتە ئاي با ئېتىزدا ئىشلەپ كۆڭلىكىڭلار بەك يىرتىلىپ كەتتى، خامانى ئېلىپلا بۇغداي ساتقان پۇلغا سىلىگە كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرەي كىيگۈڭلار بارنى ماڭا دەڭلا دېگەنىدى. شۇڭا ئالما ئۇرۇقى شىپۇن دوخاۋىدىن بىر كىيملىك ئېلىپ بەرسىلە دېدىم، ئالما ئۇرۇقنى ئالغۇزسام بولارمۇ ياكى باشقا رەڭلىكتىن ئالغۇزسام بولارمۇ؟ — دېۋىدى، قىزى:

— بۇ چاغقىچىمۇ مەن سىزگە ياتلىق بولاي دېمىدىم، خامانى ئېلىپلا چىقارساڭلارمۇ، كۈزدە چىقارساڭلارمۇ مەيلى، — دېدى.

— ھوي قېلىن داپشاق، مەن سېنى قاچان ئەرگە تېگىسەن دېمىدىم...

— كىمگە بەرسەڭلار مەيلى ئىشقىلىپ باشقا دوستلىرىمغا ئوخشاش بالدۇرراق بىر...

— ...

ھەلىمىخان قىزىنىڭ ئۇياتسىزلىقىدىن قاقشىماقتا ئىدى. بويىغا يەتكەن بىر قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولماي، ئانىسى كىيمىنىڭ گېپىنى قىلسا ئۆزى ئەرنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىدىن رەنجىمەكتە ئىدى. كەچتە ئېرى كەلسە ئۇنىڭغا تازا بىر چېقىشتۇرۇشنى ئويلاپ خىيال سۈرمەكتە ۋە ھەرخىل رەڭدىكى شىپۇن دوخاۋىلارنى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ھەببەنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى مىدىرلىدى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى، كىرپىكلىرى جۇپلەشتى. ئۇ مۇش

بالىلاچ قالساقمۇ ھەرگىز زارلانماسلىقىمىز لازىم ...» دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

مەن بۇ چاغلاردا دادامنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم ھەمدە دادامنىڭ ئۆچتەك ئاقارغان ساقاللىرىغا قاراپ خىزىر دېگەنمۇ مۇشۇ دادامغا ئوخششى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلاتتىم. شۇڭا دادامنىڭ «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى مېنىڭ گۆدەك قەلبىمگە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەنىدى.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىنى تۈگىتىپ، تۆتىنچى يىللىققا كۆچىدىغان يىلى يازلىق تەتىلدە، سىنىپ مۇدىرىمىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنى شەھەرگە ساياھەتكە ئېلىپ باردى. بىز باغچىغا كىرىپ نوك بىلەن ئايلىنىدىغان چاقپەلەككە چىقتۇق؛ بىرسى پاكار، بىرسى ئېگىز، بىرسى ئورۇق، بىرسى سېمىز كۆرسىتىدىغان ئەينەكنى كۆردۇق؛ باغچىدىن چىقىپ، ئۇستىگە قارىسا ئادەمنىڭ دوپپىسى بېشىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئېگىز قەۋەتلىك ماگىزىنغا كىردۇق... ماگىزىننىڭ يېنىدىكى يول بىلەن بېرىپ تېمى خۇددى چاي قۇيىدىغان پىيالىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان مەكتەپنى كۆردۇق. بۇ مەكتەپنىڭ تېمىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىقلىقىدىن قارىغاندا، سىنىپلىرىنىڭ ئىچى ۋە ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلىرى قانچىلىك چىرايلىق ئىدىكىن تاڭ. تەتىل ۋاقتى بولغاچقا سىنىپلىرىنىڭ ئىچىنى كۆرۈشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. بىراق بۇ مەكتەپنىڭ شۇنچە كەڭرى مەيدانىنى پۈتۈنلەي چىم بېسىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن سىنىپ مۇدىرىمىزدىن:

— مۇئەللىم، شەھەرنىڭ بالىلىرى مەيدانىنى چىم بېسىپ كەتسىمۇ ئوتۇمايدىكەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ چىمنى ئاتايىن يىراقتىن ئەكىلىپ كۆچۈرگەن. شۇڭا ئوتىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇئەللىم.

شۇنىڭ بىلەن بىز مۇئەللىمنى ئورۇۋېلىپ سوئال سوراشقا

# جاۋابسىز قالغان سوئاللار

دادام ئۆلۈما كىشى بولغاچقا پايدا تاپسىمۇ، زىيان تارتسىمۇ، بەختكە ئېرىشسىمۇ، بالاغا يولۇقسىمۇ ھەممىنى تەقدىردىن كۆرۈپ، "شۈكۈر" بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە ئانام بىر قېتىم: "ھوي دادىسى، قوشنىمىز بارات ئاخۇن قويلىرىنىڭ يۇڭىنى شەھەرگە ئاپىرىپ جىگىنى يەتتە كويدىن سېتىپتۇ، سىلى قاراپ تۇرۇپ ئۆيگە كەلگەن ھېلىقى مەككارغا ئۈچ كويدىن سېتىۋەتتىلە!" دەپ كايىسا، دادام: "سەن ئىشىڭنى قىل خوتۇن، يالغان گەپكە ئىشەنمە، 'ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت' دېگەننى بىلمەمسەن؟" دەپ سىلكىۋەتكەندى. بىر كۈنى قوشنىمىز كىرىپ: "ئاخۇنۇم، جىگدە ئوتۇننى شەھەرنىڭ كاۋاپچىلىرى بەك قىممەت ئالىدىكەن، مەن بىر ھارۋا ئوتۇن تەييارلاپ قويدۇم، ئۆزلىرىمۇ باغدا بىكار ياتقان جىگدە كۆتەكلىرىدىن بىر ھارۋا ئوتۇن تەييارلىغان بولسىلا، شەھەرگە بىللە كىرىپ سېتىپ چىقساقمىكىن" دەپ مەسلىھەت بەرسە، دادام: "تۇرسۇناخۇن، مەن سىلىگە ئېيتىپ قوياي، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالانى يەردە ئەرزان ئىكەن، پوكۇنى يەردە قىممەت ئىكەن دەپ بازار قوغلاپ يۈرۈشمۇ، ئاللاتائالانىڭ ئاتا قىلغان رىزقىغا شۈكۈر قىلمىغانلىق بولىدۇ..." دەپ ۋەز - نەسىھەت ئېيتىپ يولغا سالغانىدى.

قىش ئاخشاملىرى ئوچاق ئالدىدا كولۇڭدىكى قوقاسنى لاخشىگىر بىلەن كوچىلاپ ئولتۇرۇپ ماڭىمۇ: "ئوغلۇم، بىزدە ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان 'ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت' دەيدىغان ماقال بار، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش، ئاللا ئىگەمنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر سانا ئېيتىپ ياشاش كېرەك، قانائەت قىلماسلىق كۇپۇرلۇقتۇر، شۇڭا بىز ئاچ - توق قالساقمۇ، يېلىڭ-

ئامال، ئۇ قازاندىكى ئون ئىككى قولاق مىس قىلماي تۇراتتى. بەلكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شۇنداق تۇرغاندۇ. يەنە تېخى ئۇزاق يىللارغىچە، ھەتتا مەڭگۈ شۇنداق تۇرۇشى مۇمكىن. مەن مۇشۇ چاغدىلا دادامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم ھەمدە مېنىڭ قەلبىمدىمۇ نېمە ئۈچۈن قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ ھەممە يەردە ئوخشاشلا تۆت بولۇۋەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە بىر سوئال تۇغۇلدى. شۇڭا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى كۆرگەزمە زالىدىن ئوقۇغۇچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىۋاتقان مۇئەللىمدىن سورىدىم:

— مۇئەللىم، دادام ماڭا ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت دەيتتى، ئەجەبا بۇ قازاننىڭ قۇلىقى ئون ئىككى ئىكەنغۇ؟ جاۋاب بېرىڭا مۇئەللىم. قازاننىڭ قۇلىقى يېزىدا تۆت، شەھەردە ئون ئىككى بولامدۇ يا؟!

مۇئەللىم جاۋاب بەرمىدى، لېكىن چىرايىمغا ھېچقاچانقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھالەتتە تىكىلىپ قاراپ قويدى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈنكى مۇئەللىمنىڭ شۇ چاغدىكى تىكىلىپ قارىشىنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم. مانا ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قاراشلىرىغا بىرخىل ھېسداشلىق، ئىچىنىش، ئازابلىنىشتىن ئىبارەت ئاجايىپ مۇرەككەپ تۇيغۇ يوشۇرۇنغانىكەن.

باشلىدۇق:

— مۇئەللىم، بىز نېمە ئۈچۈن مەيدانغا چىم كۆچۈرمەيمىز؟

— بۇ دېگەن پۇتبول مەيدانى، بىزنىڭ پۇتبول مەيدانىمىز يوق، ۋاسكېتبول مەيدانىغا چىم كۆچۈرسە توپ ئوينىغلى بولمايدۇ.

— مۇئەللىم، بىزنىڭ نېمىشقا پۇتبول مەيدانىمىز يوق؟

— بىزنىڭ يېرىمىز ئاز.

— مۇئەللىم، شەھەردە يەر جىقمۇ؟

— شەھەردە يەر جىق ئەمەس، بىراق شەھەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتىكى شارائىتى ياخشى.

— مۇئەللىم، بىزنىڭ مەكتەپنىمۇ شەھەردىن باشقۇرسا بولمامدۇ؟

— بىزنىڭ مەكتەپنىمۇ مۇشۇ شەھەردىن باشقۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا نېمىشقا بىزنىڭ پۇتبول مەيدانىمىز يوق، يەنە تېخى مەكتىپىمىزمۇ بۇنداق چىرايلىق ئەمەسقۇ؟

— ...

مۇئەللىم ئەمدى ئۈندىمىدى، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش ئاستا-ئاستا مەڭزىگە سىڭىپ كەتتى.

بىز مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنىغا كىردۇق. ئۇ يەردە تۇنجى كۆرگىنىم چوڭ مىس قازان بولدى. ساۋاقداشلار ئۇستۇن قەۋەتتىكى كۆرگەزمە زالىغا چىقىپ كەتتى. مەن قازاننىڭ قۇلىقىنى ساناشقا باشلىدىم. چۈنكى بۇ قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتىن جىق تۇراتتى. مەن قايتا - قايتا ساناپ چىقتىم، توپتوغرا ئون ئىككى. مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قازاننىڭ ئازراق ئۈچۈپ كەتكەن بىر قۇلىقىنى بەلگە قىلىۋېلىپ ئەتراپىنى ئايلىنىپ قايتا ساناپ چىقتىم. ئوشۇق - كېمى يوق، يەنىلا ئون ئىككى. شۇ چاغدا دادامنىڭ: "ئوغلۇم، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت" دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋۈمدە يەنە ئاڭلاندى. مەن قايتا ساندىم، يەنىلا ئون ئىككى. مەن شۇ تاپتا بۇ قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. نېمە

"مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ياخشىغا ئامان بولدى،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ئۆي-ئۆيدە قازان بولدى،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا دېھقانلار ئەزىز بولدى،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا پۇقرالار سېمىز بولدى،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا سۇلار يەتتى سايلىققا،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا نامرات يەتتى بايلىققا،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا جۇندەك يەتتى شادلىققا."

دېگەن مىسرالارنى ئاجايىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا يادقا ئوقۇپ بولۇپ، ھاكىمغا باش ئېگىپ، قولۇۋاغلاپ تۇردى، ھاكىمبەگ ئۆزىگە ئوقۇلغان قەسىدىنىڭ مەزمۇنىدىن بەكرەك، يىگىتنىڭ ئىقتىدارىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، شۇئان ئىمىن دورغىغا قاراپ:

— دورغام، بۇ يىگىتكە مېنىڭ نامىمدىن ئىگەر-توقۇملۇق ئاتتىن بىرنى ئىنئام قىلغايسىز! — دەپ بۇيرۇدى.

ئىمىن دورغا ھاكىمبەگنىڭ ئالدىدا يەتتە پۈكلىنىپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ، ئاتخانىغا كىرگەندە "بىز ئەمەلدارلار ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمىزغا بىرنەچچە يىل بولدى، بىزگە بىرەر ئېشەك ئىنئام قىلغىنى يوق، بىر ساياق موللا ئالقانچىلىك قەغەزگە قوشاق يېزىپ كىرسە ئىگەر-توقۇملۇق ئات ئىنئام قىلغىنى..." دەپ ئويلاپ ئېغىلدىن بىر تايچاقنى يېتىلەپ چىقىپ ئىگەر-توقۇملىرىنى جابدۇپ موللىنىيازغا بەردى. موللىنىياز تايچاقنى كۆرۈپ "ھاكىمبېگىم ئات ئىنئام قىلىۋىدى، ئەمدى بۇ دورغا تايچاق بېرىۋاتىدۇ، دورغىنىڭ بۇخىل ئالدامچىلىقىدىن ھەر ھالدا ھاكىمبەگنى خەۋەردار قىلىپ قويغىنىم تۈزۈك" دەپ ئويلاپ، شۇ يەردىلا:

"ھەزرىتى ھاكىمبەگنىڭ بەرگىنى مۇشتۇمچە تاي،
جىن سوقۇپ سالغانمىكىن قىردىن ئۆتەلمەيدۇ بۇ تاي،
سەيشەنبە كۈن جابدۇق ئېتىپ، چارشەنبە كۈن پىر ئويىنتاي،
بەرىسلە چوڭ بەرسلەر دۈشمەن كۆزىدە ئويىنتاي."

# قەسىدىگە تاي، ساتىرىغا ئات

ئەينى يىللاردا خوتەن دىيارىغا ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان ئابدۇلمۆمىن ھاكىمبەگ مىلادىيە 1818 - يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەت ئەلىشىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولدى. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان ھەمدە شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بىلىملىك يىگىت بولغاچقا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەدرىسە سالغۇزۇپ، ئۇستەڭ قازدۇرۇپ، يول - كۆۋرۈك ياسىتىپ، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇردى، ئالۋان - ياساقنى ئازايتتى. خۇشامەتگۇي ئەمەلدارلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، شائىر، ئۆلىمالارنى دوست تۇتتى. ئۆز زامانىسىدىكى نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلى بولغان شائىر نىمتۇللا ئىبنى ئەسمتۇللا مۆجىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ھەمسۆھبەت بولدى، ھەمدە مەخسۇس كىتاب تەرجىمە قىلىشقا قويدى، مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئوردىدىن چىقىپ يۇرتقا تارالدى.

ئاقتاش كەنتىدىكى موللىنىياز ئىسىملىك بىر ياش شائىر، يۇرت ئەھلىنىڭ بۇ ئەمەلدارغا ياخشى باھا بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، ھەمدە ھاكىمبەگنىڭ شېئىر خۇمار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ ھەققىدە بىر قەسىدە يازدۇ ۋە ئۇ قەسىدىنى ئېلىپ ياز ئايلىرىنىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى ئوردىغا كىردۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھاكىمبەگ بۇ ياشنىڭ ئوردىغا كىرىشىدىكى مۇددىئاسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا شېئىرنى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا ئوقۇشقا ئىجازەت بېرىدۇ. يىگىت ھاكىمبەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۆز يەكتەكنىڭ قوينىدىن خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ پۈتۈلگەن شېئىرنى ئېلىپ:

نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئىچىدىن ئاران بىرنەچچە شائىر چىقىدۇ. شائىرلار خۇددى كانچىلار نەچچە مىڭ گەز چوڭقۇرلۇقتىن مىڭبىر تەسلىكتە ئالتۇن قازغانغا ئوخشاش، زېھنىي ئەمگىكى بىلەن شېئىرىيەت جاۋاھىرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئەۋلادلارغا تۆھپە قالدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى قەدىرلەش كېرەك، ئۇزۇن زاماندىن بېرى خوتەن دىيارىدىن ئابدۇلمۇمىن ۋە نۆبىتىدىن باشقا بىرەر شائىر چىقمىغان. ھازىر موللىنىياز ئاخۇنىڭ شۇنچىلىك بىر شېئىر يازغانلىقىغا ناھايىتى كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ئىقتىسادىمنىڭ كەملىكىدىن ئاران بىر ئات ئىنئام قىلسام، سەنلەر نارازى بولۇشۇپسەن، ئەگەر ئىقتىسادىم يار بەرگەن بولسا ئون يامبۇ ئىنئام قىلغان بولاتتىم، — دەپ، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىللاپ، ئاخىرىدا ئىمىن دورغىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئەتىسى ھاكىمبەگ شائىر موللىنىيازنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئەكەلدۈردى ۋە مىراخورغا:

— ئۆزۈم مىنىدىغان قارا تورۇق ئاتنى كۈمۈش ئىگەر، شايى كۆرپىلىرى بىلەن جابدۇپ، يوپۇقلىرىنى يېپىپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. مىراخور ھاكىمبەگنىڭ بۇيرۇقىنى شۇئان بەجا كەلتۈردى.

ھاكىمبەگ:

— ساۋاتسىز ئەمەلدار شائىرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. ئىمىن دورغا ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ساڭا ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خىزمەتتىن ھەيدىدىم، سەن مۇشۇ مېنىڭ ئېتىمنى قوبۇل قىلغىن، — دەپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى موللىنىيازغا تۇتقۇزدى. موللىنىياز ھاكىمبەگنىڭ سەمىمىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە ھاكىمبەگكە ئۇزۇن ئۆمۈر، يۇقىرى مەرتىۋە، تۈگىمەس بايلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ ھاكىمبەگ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— كەمىنلىرىنىڭ مۇددىئاسى ئۆزلىرىدىن ئات ئۈندۈرۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئىمىن دورغىنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ

دېگەن بىر كۇپلېت ساتىرانى يېزىپ، ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىدىغان ئۆيگە چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى ئوقۇپ، قاتتىق غەزەپلەندى دە، مۇستەھەپخانىدىن چىقىپلا ئىمىن دورغىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئىمىن دورغا ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مۇشۇكياپلاقنىڭكىدەك چېقىر كۆزنى پارقىرىتىپ، قولۋاغلاپ تۇردى، ھاكىمبەگ:

— سەن موللىنىيازغا قانداق ئات بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى جابدۇلغان بىر تايچاق بەردىم.

— مەن ساڭا ئات بەر، دېسەم، سەن نېمە ئۈچۈن تايچاق بەردىڭ؟

— ئالقانچىلىك قەغەزدىكى قوشاقا چوڭ بىر ئات بېرىشكە كۆزۈم قىيمىدى، بېگىم.

— خوش، ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئالقانچىلىك قەغەزگە بىر قوشاق يازغىن، مەن ساڭا ئىككى ئات ئىنئام قىلاي.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىگىمۇ ئايان، پېقىر ساۋاتسىز ئادەممەن.

ھاكىمبەگ ئەمدى غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كايىپ كەتتى:

— سىلەر يۇك ئارتىدىغان ئېشەك بىلەن تەڭ مەخلۇقلار، ئىچىڭلاردا نىجاسەتتىن ئۆزگە نەرسە يوق، شۇڭا شائىرلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىشمەيسەن. ئۇلارنىڭ فەزلى ئىلىملىرىنى ئوقۇشمايسەن، ئۇلارنىڭ ھەققىي كاللىسى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايسەن، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى تاشلار ئىچىدىن ئاق سۆزۈك قاشتېشىنى تاپساڭ ئۇنى ئەللىك يامبۇغا ئالىدۇ. بىراق ئۇنداق قاشتېشىدىن سانسىزلىغان تاشلار ئىچىدىن بىرسى چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ، لېكىن ئادەتتىكى تاشنى بىرەرسىگە بىكارغا بەرسەڭمۇ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. ئالتۇن بىلەن تۇچ ئوخشاشلا سېرىق، ئالتۇننىڭ باھاسى نېمە ئۈچۈن تۇچنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن!؟ مەن نېمە ئۈچۈن نېمتۇللا ئىبنى ئەسمتۇللا مۆجىزىگە شۇنچە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىمەن؟ چۈنكى ئۇ كىشى شائىر،

# باشلىقنىڭ رايى

مانا بۇ بىزنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقىمىز ــ ساخاگىجاگىنىڭ ئىشخانىسى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سادىرمۇ، ساۋۇتمۇ، سايىتمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ بۇ يۇرتتا بىرەرسى چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك ئەمەلگە ئېرىشتىمۇ، بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىسىم - فامىلىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمەلى ئالمىشىدۇ. بۇ ئىشنى ئاۋۋال ئۇنىڭ مۇرتلىرى باشلايدۇ، ئۇنىڭغا خوتۇن، بالىلىرى ئەگىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ بارا - بارا ئاۋامغا ئومۇملىشىدۇ. شۇڭا بىزمۇ "ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس" دېگەندەك ساخاگىجاگ دەپ تۇرايلى.

ساخاگىجاگ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، ئۇنى ئىزدەيدىغانلار ھەققەتەن كۆپ ئىدى. ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل تەستىقلىتىدىغانلارمۇ، يېڭى قۇرۇلغان كارخانىسىنىڭ لىيىنتا كېسىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىدىغانلارمۇ، ساخاگىجاگنىڭ ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى زاۋۇتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكى شەرىپىگە بېرىدىغان چاي زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ كەلسە، يەنە بەزىلىرى قايسى بىر يەرلىك مەھسۇلاتنىڭ مىس مېدالىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىپ كېلەتتى. بۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئىلتىماس قىلغۇچى، تەكلىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىدا سۆزلەيدىغىنى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، قانداق قىلىپ كۆپرەك قەرز ئېلىش.

بىزنىڭ ساخاگىجاگمۇ ئالدىغا كەلگەنلىكى قەغەزنىڭ ھەممىسىگە

قويۇش ئىدى، بەك كايىپ كېتىپلا، ئىلتىپاتلىرىڭىزغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت بېگىم، ھېلىقى تايچاقنى ئەتىلا ئەكىرىپ بېرەي، — دېۋىدى.
ھاكىمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مېنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىر ئۈچۈن تايچاقنى بېقىپ ئات ئېتىپ مىنگىن، مېنى تەنقىدلەپ يازغان شېئىرىڭ ئۈچۈن چوڭ ئاتنى مىنگىن، ھەر ئىككى ئاتنى ساڭا ئىنئام قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بەنمۇ تىرىشىپ كۆپ شېئىرلارنى يازغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ نامىڭ ئۆچمەيدۇ، — دەپ ئىلھام بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ساخاۋجاك، ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟ — قول ئۇزاتتى مۇئاۋىن مۇدىر.

— يامان ئەمەس، كەپقاپسىزغۇ؟

— ئازراق مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، — دېدى مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئېلىپ كەلگەن 500 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس، كوپېراتىپنىڭ ھازىرقى مەبلەغ ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى، بۇ يىللىق تىجارەت پىلانى ۋە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى دېگەندەك ماتېرىياللارنى بىر - بىرلەپ ساخاۋجاكقا سۇندى.

ساخاۋجاك ماتېرىياللارنى بىر قۇر كۆرۈپ:

— سىلەر 500 مىڭ يۈەنلىك ئوغۇت كەلتۈرمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن...

— دېھقانلارنىڭ ئېغىلدىكى قىغى ئىشلەتكىلى يەر يوق پۇراپ تۇرۇۋاتسا، ئوغۇت كەلتۈرمىز دېگىنىڭلار بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى يىل كىرگەندىن بېرى كرېدىت مەبلىغىمۇ بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كېيىنچە مەبلەغدە ئېشىنغان ۋاقتىمىزدا بىر نېمە دېيىشەرمىز، — دېدى ساخاۋجاك. ئۇ قىغنىڭ گېپىنى تىلغا ئالغاندا، چىرايى گويا چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك تۈرۈلۈپ كەتتى ۋە دەرھال يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ، بۇرنىنى سۈرتكەن بولۇپ ئولتۇردى.

— خاۋجاك، ئوغۇت ئىشىنى ۋاقتىدا تۇتمىساق بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى...

— ئۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — گەپنى بۆلدى ساخاۋجاك، — سېكرېتار، ھاكىم دېگەنلەر چوڭ يىغىندا ئۇن تۆمەن، يۈز تۆمەن دېگەننى خاتىرجەم ئاغزىدىن چىقارغان بىلەن يانچۇقىدىن بەش يۈەن چىقىرىدىغان چاغدا، خوتۇنلىرىغا 50 قېتىم يېلىنىدۇ. 500 مىڭ يۈەنگە ئەستىق سېلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بىزنىڭمۇ كرېدىت

"قوشۇلىمەن" دېگەن سۆزنى ئايىماي يازىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ بەزىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا "بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ" كۆتۈرۈپ ماڭىدىغانلاردىن. شۇڭا ئۇ قەرز پۇل تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ سالاھىيتىنى ئوبدان ئويلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوندىن بىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. قالغانلىرىنى "بانكىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش پرىنسىپى بار، ھازىرچە مەبلەغ قىستەك تۇرىدۇ" دېگەندەك گەپلەر بىلەن يولغا سالىدۇ.

"مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا" دەيدىغان ماقال بار. ئەمدى سىزنى ساخاۋەتچىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرەي. سىز ئۇنىڭ قەرز پۇلنى قانداق تەستىقلايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ بېقىڭ!

ئاق ئارىلىغان شالاڭ چېچىنى رەتلىك تاراپ، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆز ئەينىكىنى قوتۇر ئامۇتەك يوغان بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈرۈپ قويغان، بويىنىنىڭ سېمىزلىكىدىن گالستۇكنى كۆڭلىكىنىڭ ئۈستۈنكى تۈگمىسىنى ئەتمەيلا چىگىۋالغان سالاپەتلىك بۇ كىشى بىزنىڭ ساخاۋەتچى. سىز ئۇنىڭ كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرۇشىدىن ئۇ بانكىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەۋاتقان ۋە ياكى كەلگۈسىدىكى خىزمەت پىلانى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاخشام بەك كۆپ ئىچىۋەتكەچكە، ئۇيقۇنىڭ قازاسىنى ئادا قىلماقتا. ئۇ خىزمەتنىڭ كۆپ قىسمىنى دەم ئېلىش ۋاقتىلىرىدا بېجىرىدىغان بولغاچقا، خىزمەتكە سەرپ قىلغان دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئىشخانىغا كەلگەندە تولۇقلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

— تاك، تاك، تاك...

ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى ئۇنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. بىر ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن كۆز ئەينىكنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويىدى – دە:

— كىرىڭ! — دەپ ئىجازەت قىلدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، تەمنات – سودا بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى قورۇنۇپراق كىرىپ كەلدى.

لايىھلەپ بولدۇق، ماركىسى «يېپەك يولى ئالاھىدە ھارىقى» دېيىلسە، بىز تۇنجى مەھسۇلاتىمىزنى چەت ئەلگە چىقارماقچى. مەھسۇلات تەييار بولغاندا، چەت ئەل سودىگەرلىرىنى، مۇخبىرلارنى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىزنى قوللىغان رەھبەرلىرىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزىمىز. ۋاقتى كەلگەندە، ئۆزلىرىمۇ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە تۆردىن ئورۇن ئالىلا. ساخاۋەتچاك.

ساخاۋەتچاك قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنىڭ ئاخىرىغا ”2 مىليون يۈەن بەش يىللىق قەرز بېرىلسۇن“ دەپ ئىمزا قويدى. جۇيجاڭ رەھمەتنى ئايىماي ئېيتىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ساخاۋەتچاك قۇرۇلمىغان زاۋۇتنىڭ ئىشلەنمىگەن ھارىقىدا مەست بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۈزۈن پاچاق رومكىلارغا شارابنى ئېلىق كۆزى قويۇپ، كۈمۈش پەتنۇسلاردا تەڭلەپ تۇرغان كۆتكۈچى قىزلار، قەدەھ سوقۇشتۇرۇۋېلىش، تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان مېھمانلار، «يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دېگەن ھۆسنخەت يېزىلغان لەۋھە، «NISSAN» نىڭ ئارقىسىغا قاچىلىنىۋاتقان يەشىك - يەشىك «يېپەك يولى ئالاھىدە ھارىقى»... بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

پرىنسىپىمىز بار، قەرز پۇلنى چوقۇم ئۈچ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىدىغان گەپ.

مۇئاۋىن مۇدىر ساخاۋجاۋنىڭ سۆزىگە قايىل بولدىمۇ ياكى "بىرمو يەرگە 20 كىلوگرامدىن خىمىيۋى ئوغۇت تەييارلاش كېرەك..." دېگەن رەھبەرنى تاپماقچىمۇ، ئىشقىلىپ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىنلا ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

— تاك، تاك، تاك ...

— كىرىڭ!

— ئوبدان تۇرۇپلا خاۋجاك، — دەپ ئەھۋال سورىدى ئىشكتىن كىرگەن كىشى.

— يامان ئەمەس ئۆزىڭىزچۇ؟

— ...

بۇ قېتىم كىرگىنى ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئولتۇرۇشىمۇ ئۇنتۇپ، ساخاۋجاۋغا «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال تۇتۇپ، ئۆزى ئوت يېقىپ بەردى ۋە بىر مۇنچە تەكەللۇپ سۆزلەردىن كېيىن قول سومكىسىدىن ناھىيىدە ھاراق زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات ۋە 2 مىليون يۈەن مۇقىم مۈلۈك قەرزى ئېلىش ئىلتىماسىنى ئېلىپ، ساخاۋجاۋنىڭ ئالدىغا قويدى.

ساخاۋجاك دوكلاتنى قولىغا ئېلىپ، گويا قارىي قۇرئان ئوقۇغاندەك ئىخلاس بىلەن سۆيۈنۈپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بەك ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، بەزى جايلارنى ئوقۇغاندا ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كەتتى.

— دېمەك، بىزنىڭ ناھىيىدە زامانىۋى ھاراق زاۋۇتى قۇرۇلىدىغان بوپتۇ - دە، — دېدى ئۇ دوكلاتنى ئوقۇپ بولۇپ.

— پەقەت بانكا مەبلەغ بىلەن قوللىسىلا، باشقا تەييارلىقلار پۈتۈپ بولدى، — دېدى جۈيجاك.

— سىلەر بۇ زاۋۇتتا «تېچۈي»مۇ ئىشلەپچىقىرامسىلەر؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ھەتتا ئۇنىڭ ماركىسىنىمۇ

تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىغان ھالقىلىق پەيت تۇرسا. شۇڭا ئۇ ئىشنىڭ تولىسىنى، بولۇپمۇ ئاساسلىق كادىرلار خىزمىتىنى دەم ئېلىش ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ ئۆيدە ئىشلەيدۇ. پۈتۈن بىر ناھىيە ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇرسا شۇنچىۋالا ئىشلارنى سەككىز سائەتتە بېجىرىپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ھۆكۈمەت ئىشىنى، خەلق ئىشىنى ئارقىغا سۈرسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسىمنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق - تە! شۇڭا ئۇ بۈگۈن تامىقىنى بۇرۇنلا يەپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىشىنى، ياق، خەلقنىڭ ئىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر چاغدا ھويلىنىڭ ئىشىكى چېكىلگەندەك قىلىۋىدى، ئۇ، ئايالىنى دەرھال چىقىپ ئىشىكنى ئېچىشقا بۇيرۇدى. ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىغاندى، ئىشىك ئالدىدا ھېچ كىشى يوق. ئۇ ئىككى تەرەپكە بويۇنداپ ئاخىر ئۇ چېكىلگىنى يان قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك يەنە چېكىلگەندەك قىلدى. ئۇ يەنە ئايالىنى ئىشىككە قاراپ بېقىشقا بۇيرۇۋىدى، ئايالى: "بىزنىڭ دەرۋازىنى ھېچ كىشى قاققىنى يوق" دەپ چىققىلى ئۇنىمىدى. ھەي ئىست، بۇ كاساپەت قوڭغۇراقمۇ قېرىشقاندەك بۇزۇلۇپ قالغىنىنى. ئون نەچچە سوملۇق نەرسىنى پۇلغا ئالاي دېسە تېخى، بۇرۇنقىسىنىغۇ ھېلىقى بالا...ئۇ، شۇ ئىشلارنى ئويلىغاچ ساپما كەشىنى پالاقشىتىپ مېڭىپ ھويلىنىڭ ئىشىكنى ئاچقاندى، ئىشىك ئالدىدا ئادەم تۇرماق ئىنس - جىنسىمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشقا ھەم ھەيران ھەم خاپا بولدى: "توۋا، بەزىلەر ياشتا چوڭايغانچە قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالىدىكەنمىش، بىراق مېنىڭ قۇلىقىم يوقنى ئاڭلىغىنىدىن قارىغاندا مەن مۇشۇ كۈنلەردە ياشىرىۋاتقان ئوخشايمەن ..." ياق، ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزاسى خاتا مەلۇمات بەرگەنمۇ ئەمەس، قۇلىقىمۇ يوقنى ئاڭلايدىغان ھالغا ئۆزگەرگىنى يوق.

ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىشىكتىكى "تاك - تاك" قا كۆنۈپ كەتكەن تويماس نەپسى بۈگۈن بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئالداۋاتاتتى. ئېمدۇر

# ئۇ، قاچان ساقىيار؟

بۇ دوختۇرخانىدىكىلەر بۇنداق ئەمەلدارلاردىن بۇرۇنمۇ بىر نەچچىنى قوبۇل قىلغان ۋە ساقايتىپ يولغا سالغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېغىر كېسەل دەپ كەلگىنى ناھايىتى بىر زۇكام، قان بېسىمى ئۆرلەپ قېلىش ۋە ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن رەنجىش قاتارلىق كېسەللەر ئىدى. شۇڭا دوختۇر- سېستىرالارمۇ ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن قائىدە بويىچە قان بېسىمنى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيتتى. ئاندىن ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن كېسەل تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىپ بىلىكىگە ئاسما ئوكۇلدىن بىرنى سېلىپ قوياتتى. پەقەت بىر سائەتتە بىرنەچچە قېتىم كىرىپ ئەھۋال سوراپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تۇرسىلا بىرنەچچە كۈن ياكى بىرەر - ئىككى ھەپتىدە ساقىيىپ كېتەتتى. شۇڭا دوختۇر - سېستىرالار بىمارنىڭ يېنىغا كىرگەندە ناھايىتى ئەستايىدىل، بەك ئالدىراش كۆرۈنگەن بىلەن ئىشخانىسىغا چىققاندا خاتىرجەم كۇلۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بىراق ئۇنىڭ مۇبارەك تېنى دوختۇرخانا كارىۋىتىدىن ئورۇن ئالغان بىر سائەتتىن بېرى دوختۇرخانا باشلىقىدىن تارتىپ، ھاجەتخانىنى تازىلايدىغانلارغىچە ھەممىسى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. خالىق مۇدىرمۇ ھەم ئۈمىدسىزلىك ھەم ئالدىراشلىق ئىچىدە تېپىرلايتتى. چۈنكى بۇ بىمارغا كېسەل بۇ قېتىم ناھايىتى قاتتىق تەگدى. ياق، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى دىكتور قىز ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا دىكتورنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى. ئىش ئەسلي مۇنداق بولغانىدى:

دېھقانلار يىغىم مەزگىلىدە، مولللار باراتتا، ھابداللار رامزاندا ئالدىراش بولغاندەك ئۇمۇ مانا مۇشۇ سېنتەبىردە بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ئالدىرىماي بولامدۇ؟ بۇ ئاي - بۇ كۈنلەر ئالي، ئوتتۇرا

بۇرۇپ، قاچانلاردىدۇر تاشلاپ قويغان يېرىم تال شامنى تېپىپ چىقىپ ياندۇردى. بۇ يوغان ئايۋان بىر تال شامنىڭ يورۇقىدا چالا ساۋات باشلىقنىڭ كۆڭلىدەك غۇۋا يورىدى. ئۇ، سۇرەمدىن چىققان بۇقىدەك ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ئۇ ئاستا كېلىپ ياستۇققا قىيسايدى. شامنىڭ پىلىكى يانغا يىقىلدى. بۇ شامنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. ئايالى ئۈنىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇ، ئورنىدىن قوپۇپ تېلېفوننى يەنە ئالدى:

— ۋەي، دىيەنچاڭنى ئۇلاپ بېرىڭ!

— دىيەنچاڭما؟ مەن ئابدۇۋاققاس، بىزنىڭ ئۆي تەرەپنىڭ توكىنى يېقىپ بېرىڭ. باشقا يەرگە ھازىرچە توك بەرمەڭ!

ئۆي يەنە يورىدى. ئۇ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. خۇددى تېلېۋىزوردىن بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغىدىغاندەك بىلىندى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭ قولىغا يىغىپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، قولى تېلېۋىزورغا بارماقتا يوق. ئەكسىچە تىترەپ كەتتى. ئاخىر ئورنىغا كېلىپ يانپاشلاپ يېتىپ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئايالىغا تېلېۋىزورنى ئاچقۇزدى. يەنە شۇ ”ئالۋاستى“، ”نامۇۋاپىق سېلىقلارنى دېھقانلارنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى بار ...“ دېگەن گەپلەر ئىدى. ئۇ ئورنىدىن سۆرۈلۈپ قوپۇپ تېلېفوننى ئالدى ۋە توكنى دەرھال ئۆچۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۆي ئىچىدە يەنە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇخىل دانا تەدبىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچتىن قالسىمۇ ئەقلىدىن قالمىغانلىقىغا تولىمۇ مەمنۇن بولدى. بىراق، ئايالىنىڭ ئەمدى سەۋر قاچىسى توشقانىدى:

— سىلى بۈگۈن نېمانداق ھېلى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرىلا، ھېلى خەقنىڭ توكىنى ئۆچۈرتكۈزىلا، نېمە بولدى سىلىگە زادى؟

— ھەي، ئاڭلىمىدىڭمۇ، تېلېۋىزوردىكى ھېلىقى زوۋاندارنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى، دېھقانلارنىڭ سېلىقنى قىسقارتىش لازىم دەۋاتامدۇ؟ بۇ زادى كىمنىڭ گېپى بولغىيتتى؟ بىرەر باشلىقنىڭ ئەمرىمىدۇ ۋە ياكى

بىر نېمىگە تەقەززا قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىگىرمە توققۇز دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ، ئايۋانسىك سۆكسىدىكى كەلگۈن نۇسخا گىلەمدە يېقىنغا ياستۇقنى قىستۇرۇپ ياناپاشلىدى.

تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئۇنىڭغا تونۇش بولغان دىكتور قىزنىڭ يۈرەكنى ئويناتقۇچى گۈزەل جامالى يەنە كۆرۈندى. بۇ قىزنىڭ ئۇستا رەسسام سىزغان نەپىس سۈرەتتەك گۈزەل جامالى ئۇنىڭ لاۋزا ھېسسىياتىغا ئوت ياقسا، 40 يىللىق خىزمەت ستاژىغا ئىگە بۇ كونا رەھبەرمۇ مۇشۇنداق ئېكراندا پۈتۈن ئولتۇرۇپ، ئون مىنۇت، بەش-ئون مىنۇت، ياق ھېچبولمىغاندا بىر مىنۇت نۇتۇق سۆزلۈۋېلىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغان مۇشۇ تېلېۋىزوردا. ئەنە شۇ ھېچقانداق ئەملىمۇ يوق بىر ئاددىي قىزنىڭ ھەر كۈنى شۇنداق ئولتۇرۇپ، ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك يېرىم سائەتلەپ سۆزلەپ كېتىشى، بولۇپمۇ ھەربىر جۈملە سۆزنىڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا ئاتايىن قاراپ قويۇشى ئۇنىڭ ھەسەت يارىسىغا تۇز سېپەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھەۋىسىمۇ، ھەسسىتىمۇ بىراقلا نەپرەتكە ئايلاندى. ئۇ ئورنىدىن دەرھال قوپۇپ بېرىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. چۈنكى دىكتور قىز بىسمىللىسىغىلا گەپنى: ”ھازىر يېزىلاردا دېھقانلارغا سېلىنىۋاتقان ھەرخىل ئالۋان - سېلىقلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ 80 خىلغا يەتكەنلىكى ...“ ھەققىدە باشلاۋاتامدۇ. ئۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن تېلېفوننىڭ قۇلىقىنى تولغاشقا باشلىدى:

— ۋەي، زۇڭجىما؟ دېيەنچاڭنى ئۇلاپ بېرىڭ!

— دېيەنچاڭما؟ مەن ئابدۇۋاققاس، مەندىن بۇيرۇق، يېزا توكىنى، ياق پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى توكنى دەرھال ئۆچۈرۈڭ! ھەر قانداق مەسىلە كۆرۈلسە مەن مەسئۇل. مەندىن سورىماي ھېچقانداق ئورۇنغا توك بېرىشكە بولمايدۇ! ئۇقتىڭىزمۇ؟!

ئۇنىڭ بۇيرۇقى شۇ ھامان كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۆي ئىچى، ياق پۈتۈن بىر ناھىيە زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا غەرق بولدى. ئايالى غودۇراپ

— ھەئە، ئاڭلاتقان.

ئۇ، بۇتتەك قېتىپلا قالدى. ئىسست، تونۇگۇنكى شۇ زىياپەتكە بارمىغان بولسىچۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەن بولسا بۇ شۇم خەۋەرنىڭ ئالدىنى ۋاقتىدا ئالالىغان بولاتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق. بۈگۈنكى چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى بىكار بوپتۇ. ئەمدى دېھقانلاردىن بالدۇرقىدەك خالىغانچە سېلىق يىغقىلى بولمىسا.. ئۆيلىگەنسېرى ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى. ياق، قان بېسىمى ئۆرلىدى، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ كونا يۈرەك سانجىق كېسىلىمۇ دەرھال يېتىپ كەلدى، ئۇ قارالىغۇ ئۆيگە ”گۇپ“ قىلىپ يىقىلدى. ئايالى ئاللا - تۇۋا قىچقىرىپ يىغا - زار قىلىشقا باشلىدى، بۇنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلارمۇ بىر - بىرلەپ يۈگۈرۈپ كىرىشتى... شۇنداق قىلىپ ئۇ بۈگۈن ئاخشام ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ”ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى كۈتۈش ئۆيى“دىن ئورۇن ئالدى.

ئۇنىڭ كېسىلى دوختۇرلاردىن بەكرەك كىتابخانىلارغا ئايان بولدى.

مۇئەللىپ سورايدۇ:

— ئۇ قاچان ساقىيار؟!

قانۇن ...

— نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئۆزىنىڭ ئاغزى، سىلىنىڭ نېمە كارىڭلىرى ئۇنىڭ بىلەن؟

— "دادام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ" دېگىنە، ئاڭلاپ قوي: "ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمىگەن ھەر قانداق ئالۋان - سېلىقلارنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك" دەۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكىنى ئۇدۇل مالىيىنىڭ خەزىنىسىگە بارىدۇ، مالىيىنىڭ بىر موچىنىگە قول تەككۈزگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مۇپەتتىش دېگەنلەر جاھاندا ئادەم يوقتەك ساپلا باشلىقنىڭ ئىزىغا دەسسەپ يۈرسە، ئەگەر بۇ گەپنى دېھقانلار ئاڭلاپ قالسا مېنىڭ شياڭجاڭ، شۇجىلىرىم ئۆزى خالىغانچە سېلىق يىغالمايدۇ، ئۇ چاغدا بىزگە كېلىدىغان توقماق - توقماق پۇللارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلىدۇ. ساندۇقتىكى كىيىم - كېچەك، قۇلىقىڭدىكى، بارمىقىڭدىكى، بىلىكىڭدىكى ئالتۇن جابدۇقلارنى سەن خىيالىڭدا ئېرىمنىڭ مائاشىغا ئالدىم، دەپ ئويلامسەن؟ مېنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمغا ئۇنىڭ ئاران بىر مىسقىلى كېلىدۇ. بىر ئۆي دېگەننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا چىقىمى ئازمۇ؟ ئېسىڭدىدۇ ئۆتكەن يىلى قىزىمىزنى ياتلىق قىلغانىدا يۇقىرىسى شياڭجاڭ، تۆۋىنى شياۋدۈيجاڭغىچە ھەر قايسى يېزىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كەلدى. توي ئاخشىمى چۆشكەن پۇلنى كۆرۈپ ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يەتتىغۇ، بەش يۈز يۈەندىن مىڭ يۈەنگىچە قويغانلىرى شۇ ساپلا شياڭجاڭ، سۇنجاڭ، دادۈيجاڭ، شياۋ دۈيجاڭ دېگەنلەر، ئەگەر ئۇلارمۇ دېھقانلاردىن ئۆزى خالىغانچە پۇل يىغالمىسا ماڭا شۇنچە قىلىپ كېتەمدۇ؟...

— ۋاي خۇدايىم، مۇنداق گەپ دېسىلە، ئۇنداق بولسا بۇگۈنكى گەپنى تونۇگۈنمۇ پۈتۈن ناھىيىگە، ياق پۈتۈن جاھانغا ئۇقتۇرۇپ بولدى، ئۇ، جوۋاينىمەك.

— نېمىدېدىڭ؟ تونۇگۈنمۇ ئاڭلاتقانمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى؟

قىلىنغۋاتقان بولغاچقا، تەقدىرىنىڭ رەھىمسىز شاملى ئۇنى ئۇيان ئۇچۇرۇپ، بۇيان ئۇچۇرۇپ ئاخىر ئائىلىسىدىن 70 كىلومېتىر يىراق بولغان مانا مۇشۇ نامرات يېزىغا ئەكېلىپ تاشلىدى.

ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىغا سىنىپ مۇدىرى قىلىپ بەلگىلەندى. ئىككى ھەپتە كەتمۇ كەنت يول يۈرۈپ 45 ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ ئەكەلدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆكتەبىر چىقىپ كېتىپ، نويابىرمۇ كىرىپ قالدى. ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالللقاچان كۆنۈپ كەتكەن ئوقۇتۇش شارائىتىغا كۆنەلمىدى. شۇڭا ئۇ، بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— مۇدىر، مەن سىنىپنى رېمونت قىلدۇرىمەن، — دېۋىدى، مۇدىر:

— سىنىپنىڭ نېمىسىنى رېمونت قىلدۇرىسىز؟ سىنىپ بىر ئوبدان تۇرىدىغۇ؟ — دەپ، ھەيران قالدى.

— بىرى، سىنىپ دېرىزىسىگە ئەينەك سالغۇزىمەن.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ دېرىزىگە ئەينەك سالغۇزغىلى يا بۇ شىياڭجاڭنىڭ ئۆيى بولمىسا؟ بولدى دېرىزىگە گېزىت چاپلاپ قويسىڭىز بولىدۇ.

— گېزىت چاپلىغان بىلەن بىر قېتىملىق بورانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، قاتمۇقات چاپلاۋەرسەك سىنىپقا يورۇق چۈشمەيدىكەن.

— يەنچۇ؟

— سىنىپنىڭ تېگىنى پىششىق خىش قىلىمەن.

— دېھقان باللىرى دېگەنچۇ، توپىغا تۇغۇلۇپ، توپىدا چوڭىيىدۇ، ئۇلارغا نېمە ھەشەم.

— ياق مۇدىر، سىز بىلىسىز بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بەك زەي، ئوقۇغۇچىلار ياز كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ، قىش كۈنلىرى كىيىمى يالاڭ، بۇنداق بولۇۋەرسە ئاز كۈنگە قالماي باللار رېماتىزىم بولۇپ قالىدۇ.

— خوش، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسىغۇ ناھايىتى ياخشى

# ئۈچ يۈز يۈەننىڭ تەستىقى

زاكىر مۇئەللىم 300 يۈەنلىك سىنىپ رېمونت قىلدۇرغان ھۆججەتنى بۈگۈن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئونىنچى قېتىم ئەكىرىۋىدى، مۇدىر:

— زاكىرجان، بۇ تېخى ئۆتكەن يىلقى ھۆججەتقۇ، نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز؟ باھارگۈل خانىممۇ ئالدىنقى يىلى مەكتەپنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي "11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ سىنىپقا مەش قويمىساق بولمايدۇ ..." دەپ، ئۆز پۇلىغا 50 يۈەنلىك ئوتۇن سېتىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا قالاپ بېرىۋىدى. ئۇمۇ ئاشۇ ھۆججەتنى تېخىچە سىقىمداپ يۈرمەمدۇ؟ ھازىرچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولار، — دەپ چىقىرىۋەتتى.

زاكىرجان ئالىي مەكتەپنى ئۆتكەن يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن، ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىمۇ باھالىغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى نەق مەيداندىلا بۇ ماقالىنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ ئەپقالغان. ئۇنىڭ شۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئازراق ھەرىكەت قىلسىلا ئۈرۈمچىدە قېپقېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. بىراق ئۇ "ئاتا - ئانام مېنى بەش يىل مىڭ بىر جاپادا ئوقۇتتى، ئەمدى يۇرتقا قايتىپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولمىسام بولماس" دەپ ئويلاپ، يۇرتقا قايتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتسام "ۋىلايەت مەركىزىدىكى بىرەر مەكتەپتە ئىشلەرمەن" دەپ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ يۈرگەنىدى. بىراق، ئۇ يۇرتقا كەلگەندە، بۇ يەردە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى "ئۇچقە يۈزلەندۇرۇش" سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا

ئۇنىڭ سەۋەبى باھارگۈل خانىم ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان، خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشلىرى بىلەن بۇ مەكتەپتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېزىدىكى ئايال خىزمەتچىلەردىن خۇددى يۇلتۇزلار ئىچىدىكى چولپاندەك ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئاياللارغا ھەسەت ئوتى يېقىپ يۈرىدىغان نازاكەتلىك جۇۋان، ئۇنىڭ يولدىشى ئەختەر گەرچە ئارانلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دېھقان يىگىت بولسىمۇ، ئىراق ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە دېگەنلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن، ھەتتا مۇشۇ ساھەدە بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان تىرىشچان يىگىت. شۇڭا ئۇ، بۇ مەكتەپتىكى پەقەت دەرس تەييارلاش ئۈچۈنلا زورىغا كىتاب ئوقۇيدىغان، بولمىسا بەش موچەندىن پۇل تىكىپ قىمار ئويناپ، يىغىلغان پۇلغا ئاخشىمى ئاللىقاچان مودىدىن قالغان "گۈچۈك داچۇي" دىن ئىككى بوتۇلكا ئەكىرىپ، بىر كېچەجاھاننى بېشىغا كىيىدىغان مۇئەللىملەرنىلا ئەمەس، ھەتتا مۇنۇ ھوقۇقنى پارىغا سېتىۋالغان، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال قۇرۇق سۆلەت مۇدىرنىمۇ ئېرىنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. مەنچۇ؟ مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلدىم؟ مالىيىدە پۇل يوق دېگىنى نېمىسى؟! "تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش" تىن ئىبارەت بۇ دانا تەدبىر يولغا قويۇلغاندىن بۇيان بۇ مەكتەپمۇ سىنىپلارنىڭ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇردۇق. مانا ھازىر ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ يىلىغا 100يۈەندىن قوشۇمچە كىرىم قىلىش شەرەپلىك ۋەزىپىسى بار. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ۋەزىپىنى ئاغلىق ھالدا ئاشۇرۇپ ئورۇندىتىش ئۈچۈن مەكتەپ قىشلىقتا سۆڭەك، بوتۇلكا، ئەتىيازدا كونا رېزىنكە ئاياغ، كېرەكسىز يالتىراق ئامبىرىغا؛ يازلىقى قارا ئۈژمە، ئۆرۈك مېغىزى ئىشلەش كارخانىسىغا؛ كۈزدە مەدىكار بازىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ؟ مانا بۇ پۇللارنى ئەجەبا باشلىقلارنى كۈتۈشكە ئىشلەتسە بولىدىكەنغۇ...ھەي!؟

زاكىر مۇئەللىم بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ئاخىر ئازراق بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلىق

بولاتتى، بىراق، شۇنىڭغا خەجلەيدىغان پۇل نەدە؟

— پۇلنىڭ نەدىلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مەن يا مەكتەپ مۇدىرى بولمىسام!

— توغرا، سىز مەكتەپ مۇدىرى بولمىغاندىكىن، تولا ئاتىكاچىلىق قىلماي بەلگىلىگەن خىزمەتىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى بىلىڭ!

— مەن ياتىقىمنى ئەمەس، بەلكى سىنىپنى رېمونت قىلدۇرمەن دەۋاتىمەن...

ئۇلار، زاكىر مۇئەللىم ئاخىر ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سىنىپنى رېمونت قىلدۇرىدىغان، رېمونت ھۆججىتىنى كېيىنچە مەكتەپ پۇل تاپقاندا ئاتچوت قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. زاكىر مۇئەللىم ئەنە شۇ 300 يۈەنلىك سىنىپ رېمونت قىلدۇرغان ھۆججەتنى بىر يىلدىن بېرى ئاتچوت قىلدۇرالماي يۈرەتتى. مۇدىرنىڭ "باھارگۈل خانىممۇ ئالدىنقى يىلى مەكتەپنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي شەخسىي پۇلىغا ئوتۇن سېتىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا قالاپ بېرىۋىدى ئاشۇ ھۆججەتنىمۇ ھازىرغىچە سىقىمداپ يۈرمەمدۇ؟" دېگىنى راست. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئالدىنقى يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قار يېغىپ كېتىپ تېمپېراتۇرا بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. يېزا باشلىقلىرى كۆزگى بۇغداي تېرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ مەكتەپكە يىغدۇرۇپ بېرىدىغان ئوتۇننى تېخىچە نەقلەشتۇرۇپ بېرەلمىگەچكە سىنىپلارغا مەش قويالمىغانىكەن. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى مۇزدەك سىنىپقا سولاپ، دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. باھارگۈل خانىم ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئوتۇن سېتىۋېلىپ سىنىپقا مەش قويۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلارغۇ ئىسسىق ئولتۇرۇپ ئوبدان راھەتلىنىپتۇ، بىراق، باھارگۈل خانىم 50 يۈەنلىك ئوتۇن ھۆججىتىنى ھازىرغىچە ئاتچوت قىلدۇرالمىغانىنى ئاز دەپ، بىرنەچچە قېتىم "تەشكىلسىزلىك قىلىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەسىر بەرگەن، بۇ پارتىيىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسىگە خىلاپ" دەپ تەنقىدلىنىپتۇ.

دەرھال دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تۈكۈرۈكىدە نەمدەپ دېرىزىنىڭ قەغىزىگە تەگكۈزۈۋىدى، دېرىزىگە چاپلانغان گېزىت ئاۋازسىزلا تېشىلدى. ئۇ، تۆشۈكتىن روشەن قونچاقنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا خۇددى بىر ئوۋچىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى روشەن قونچاقنىڭ ئۇدۇل بېرىپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشىنى، مۇدىر بىلەن بەش - ئون مىنۇت پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشىنى تەقەززالىق بىلەن تىلەيتتى. "ئىش ئوڭدىن كەلسە، تامبال سوڭدىن كەپتۇ" دېگەندەك، روشەن قونچاق ئەتراپقا ئاپشاركىدەك بىر قۇر قاراپ قويۇپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا غىپپىدە كىرىپ كەتتى. خۇداغا شۈكۈر، زاكىر مۇئەللىمنىڭ تىلىكى ئاخىر ئىجابەت بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەل بەش مىنۇتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن كىرىش كېرەك. چۈنكى روشەن قونچاقنىڭ مۇدىرغا دەيدىغىنى ئادەتتىكى گەپ بولسا بەش مىنۇت ئىچىدە تۈگەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ پارىڭى بەش مىنۇتقىچمۇ تۈگىمىسە ئۇ چوقۇم شېرىن سۆھبەت ۋە ياكى ھۇزۇرلۇق غەيۋەت بولىدۇ. دەل شۇنداق گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ ئۇسۇپلا كىرسە ئەختەم كاتىپنىڭ تەجرىبىسى بويىچە مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت ... مانا خاسىيەتلىك بەش مىنۇتمۇ توشتى. زاكىر مۇئەللىم قاتلىقى كېسىلىپ كەتكەن ھېلقى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ شېرىن خىيال، چوڭ ئۈمىد بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىردى. كىردىيۇ ئۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قالدى. چۈنكى ئۇلار سافا ئۈستىدە ئىنسان ھاياتىدىكى قىلغىلى بولىدىغان، دېگىلى بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، مۇدىر ئالدىراپ - تېنەپ ئىشنى يىغىشتۇردى. روشەن قونچاقمۇ داستىخانىنى يىغىپ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ، تامغا قاراپ ئولتۇردى. زاكىر مۇئەللىم بۇ سەتچىلىكنىڭ شاھىتى بولۇشنى راۋا كۆرمىدىمۇ ۋە ياكى مۇدىرنى سەپەردىن يېرىم يولدا توختاتقىنىغا خىجىل بولدىمۇ ئۆرۈلۈپلا سىرتقا مېڭىۋىدى، مۇدىر:

ھۆكۈمەتتىكى ئەختەم كاتىپنى ئىزدەپ تاپتى. ئەختەم كاتىپ بوش ۋاقىتلىرىدا گېزىت - ژۇرناللارغا خەۋەر يېزىپ تۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا ئۇ مۇشۇ يېزىدىكى زىيالىيلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يېزىغا يېڭىدىن كەلگەن زىيالىيلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيىگە تاماققا چاقىرىپ تونۇشاتتى ۋە دوستلىشىپ ئۆتەتتى. ئۇ زاكىر مۇئەللىمنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ:

— مەن يەكۈنلىگەن مۇنداق بىر تەجرىبە بار ئۇكام، بۇنى تامامەن ئىشەنچلىك دېگىلى بولمىسمۇ، لېكىن سىناپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بولىسمۇ، ئايال باشلىقلارغا بىر نەرسە تەستىقلىتىشقا توغرا كەلگەندە، چوقۇم ئۇنىڭ يالغۇز ۋاقتىنى پەملەپ كىرىپ، ئالدى بىلەن چىراي - تۇرقى، كىيىم - كېچەكنى بىر قۇر ماختاپ قويۇش، ئېپى كېلىپ قالسا بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ ئۇنى تازا بىر كۆلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاساسىي مەقسەتنى ئېيتىش كېرەك. ئايال كىشى دېگەن ئۆچكە يىغىدەك ئاسان ئېرىيدىغان مەخلۇق، خۇشلۇقتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تەستىقلىۋېتىدۇ. ئەر باشلىقلارغا بىر نەرسە تەستىقلىتىشقا توغرا كەلگەندە، ئامال بار ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر ئايال بار چاغنى پەملەپ كىرىش كېرەك. يېنىدىكى ئايالغا ھوقۇقىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تېزلا تەستىق سېلىۋېتىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

زاكىر مۇئەللىمنىڭ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن دەرسى بولمىغاچقا قولىغا بىر كىتابنى ئېلىۋېلىپ ھېلى ئىشخانىغا كىرەتتى، ھېلى سىرتقا چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆزى كىتابتا بولغىنى بىلەن دىققىتى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدى. 3 - سائەتلىك دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىۋىدى، ھەممە ئوقۇتقۇچىلار سىنىپلىرىغا چىقىپ كەتتى. سەككىز كىشىلىك بۇ ئىشخانىدا زاكىر مۇئەللىم بىلەن يالغۇز قالغان ھېلىقى كالپۇكنى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قان يالىغان ئىتنىڭكىدەك بوياپ يۈرىدىغان روشەن قونچاق زاكىر مۇئەللىمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەپپىدە بىر قاراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. زاكىر مۇئەللىم

# ماقالىلەر

— توختاڭ! نېمىشقا كىرگەنتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن، مەن ھېلىقى ھۆججەتنى... — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى زاكىر مۇئەللىم.

مۇدىر، زاكىر مۇئەللىمنىڭ تىترەۋاتقان قولىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن بالا تەگكۈر ھۆججەتلەرنى ئاستا ئېلىپ، ئۈستىگە: "چىقىم قىلىپ بېرىلسۇن" دەپ يېزىپ، ئاخىرىغا "مەتباقى" دەپ ئىسمىنى يازدى.

زاكىر مۇئەللىم تەستىق سېلىنغان ھۆججەتلەرنى قولىغا ئېلىپ مۇدىرغا بۇگۇن بۇ يەردە ھېچ ئىش كۆرمىگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇپ قايتىپ چىقتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ كۈن يەنە شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىۋەردى. 300 يۈەنلىك ھۆججەتنىڭ تەستىقلىنىش جەريانى ئۈچ ئادەم ئوتتۇرىسىدا ۋاقتىنچە يېشىلمەيدىغان سىر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق، زاكىر مۇئەللىم بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرەر قېتىنچىلىققا دۇچ كەلسە قىلچە ئىككىلەنمەي ئەختەم كاتىپتىن مەسلىھەت ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئەمگىكى روھىمىزغا، يۈكسەكلىك، ئىپتىخارلىق ئاتا قىلدۇ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان ئۆزبېك يازغۇچىسى تۇرسۇنئاي سادىقوۋانىڭ: "نەزەر سالغىن، دۇنيا خەلقلىرى ئەڭ كاتتا مۇنبەرلەردە، قەددىنى جاھان كۆرىدىغان جايلاردا، ئۆزىنىڭ مۇبارەك كۈنلىرىدە مىللىي تىل، مىللىي كىيىملىرى ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى نامايىش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ‹مېنىڭ نەسلى ـ نەسەبىم تازا، زاتىم، تارىخىم ئېنىق› دېگىنىدۇر. مىللىي غۇرۇر دېگەن شۇ. بالىجان"! دېگەن پاساھەتلىك نەسىھەتلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ۋۇجۇدۇمغا بىرخىل ئىللىق سېزىم تارالدى. قەلبىم قاچانلاردىدۇر يىتتۈرۈپ قويغان قىممەتلىك نەرسىسىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغاندەك شادلىق ئىلكىدە يايراپ كەتتى.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزدىمۇ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندىم (تەۋپىق)، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئابدۇقادىر جالالىددىن، نەزىرە مۇھەممەتسالىھ ... قاتارلىق يازغۇچىلار مىللەتكە، دەۋرگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن مىللەتنى ئويغىتىدىغان، ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۈچمەس تۆھپىلىرىنى قوشتى ۋە قوشۇۋاتىدۇ. خەلقىمىز يۇقىرىقىدەك ۋىجدانلىق يازغۇچىلارنىڭ يۈرىكىدىن ئۇخچۇپ چىققان ئۆلمەس ئەسەرلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنى قايتىدىن تونۇۋاتىدۇ. نېمىنىڭ شەرەپ، نېمىنىڭ نومۇس، نېمىنىڭ سادىقلىق، نېمىنىڭ ساتقىنلىق، نېمىنىڭ ۋارىسلىق، نېمىنىڭ دورامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىدىن ھەققىي تونۇپ يېتىپ، "ئۇرغۇي" ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. مانا بۇ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تارىخ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت

# يازغۇچىنىڭ بۇرچى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

يازغۇچى دېگەن بۇ نامنى ھەركىم ھەرخىل شەرھلەيدىكەن. بەزىلەر ھېكايە، پوۋېست، رومان يازىدىغانلارنىلا يازغۇچى دېسە؛ يەنە بەزىلەر نەسر، ھېكايە، پوۋېست ۋە رومان يازىدىغان يازغۇچىلاردىن باشلاپ، شېئىر، داستان يازىدىغان شائىرلارغىچە؛ گېزىتكە خەۋەر يازىدىغان مۇخبىرلاردىن تارتىپ، ھەتتا پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا ساۋاتسىزلارغا سالام خەت، ئەرز-شىكايەت يېزىپ بېرىپ جان باقىدىغان پۇتۇكچىلەرگىچە ھەممىسنى ئوخشاشلا يازغۇچى، دەپ قارايدىكەن.

مەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان يازغۇچى — نەسرىي ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلار، نەزمىي ئەسەر يازىدىغان شائىرلار ھەمدە ئىجتىمائىي تېمىدىكى پوبلىستىك ماقالىلەرنى يازىدىغان تەتقىقاتچىلاردىن ئىبارەت قەلەم ساھىبلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

"ئەدەبىيات — ئىنسانشۇناسلىق" دېيىلگەنىكەن، يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدىن پۈتكەن ھەربىر ئەسەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ، ئوقۇرمەنلەر ئارقىلىق شۇ مىللەت جامائىتىنىڭ دۇنيا قارىشىغا، ئېتىقادىغا، ئەخلاق - پەزىلىتىگە، سۆز - ھەرىكىتىگە، يۈرۈش - تۇرۇشىغا، كىيىنىش - ياسىنىشىغا، يېمەك - ئىچمىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىلىرى شۇ مىللەتكە يول باشلىغۇچى سەركىلەردۇر. شۇ مىللەت روھىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى دانىشمەنلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەسرى ھەمدە ئەسرىنىڭ قەدىر - قىممىتى "ياسىغۇچى" لارنىڭ ئەمگىكى ۋە ئىجادىيىتىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىجادىي كەشپىياتلىرى تۇرمۇشىمىزغا، خىزمىتىمىزگە قولايلىق، باياشاتلىق ئېلىپ كەلسە، يازغۇچىلارنىڭ مەنىۋى

خوش، ئۇنداق بولسا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار بۇرچ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىدە قانداق ساپا ۋە خۇرۇچنى ھازىرلىشى كېرەك؟

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز، بىرىنچىدىن، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى مۇپەسسەل بىلگەندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىمۇ پۇختا بىلىشى، كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك كۆز بىلەن قارايدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ مۇتەپەككۇرلاردىن بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىللەت توپىدا ساقلىنىۋاتقان قىسمەن قاششاقلىق ئىللەتلىرىنى ئۇبىيكتىپ تەھلىل قىلىپ، قېزىپ چىقىش بىلەن بىرگە، مىللەتنىڭ ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش يولىنىمۇ تەڭ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، خەلقكە روھى ئوزۇق ئاتا قىلالايدىغان، بىر قىسىم روھى چۈشكۈن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ، تويۇق يولغا كىرىپ قالغان ياشلارنى توغرا يولغا باشلىيالايدىغان دانىشمەنلەردىن بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىلىقنى يۈز - ئابرۇي تېپىشنىڭ دەسمايىسى دەپ بىلمەستىن بەلكى، ئۆزىنى مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئەدەبىيات ئۈچۈن تەقدىم قىلالايدىغان؛ ئەسەرنى ھېسسىيات بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن يازىدىغان، يازغان ئەسىرىگە ۋىجدان بىلەن تامغا باسىدىغان پىداكارلاردىن بولۇشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئەسەر يېزىشتا ھورۇنلۇق قىلماسلىقى، ئېلان قىلدۇرۇشقا ئالدىرىماسلىقى، ئەسىرىنىڭ ئۆزىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئىجادىيەت يولىنىڭ تۈپكى مىزانى قىلىشى كېرەك.

ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقى ۋە چىقىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، مانا بۇ يازغۇچىلارنىڭ مىللەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچى.

بىراق، قاچانلاردىدۇر، قايسى بىر يازغۇچى: "چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار مەسچىتكە يالاڭئاياغ كىرىپ، يالاڭئاياغ ناماز ئوقۇيدىكەن". دەپ يېزىپ قويۇۋىدى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىمىزمۇ ئارانلا تۇرۇۋېمىدىكەن، تاڭ، بىر ئوبدان يارىشىملىق دوپپىلىرىنى ئەپ تاشلاپ، مەسچىتكىمۇ، رېستورانغىمۇ، بازارغىمۇ، مازارغىمۇ، تويغىمۇ، ھارغىمۇ ئوخشاشلا يالاڭئاياغ بېرىۋېرىدىغان بولدى (مۇئەللىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناۋادا بىرەر ئۇيغۇر يىگىتى بېشىغا دوپپا كىيىپ رەستىگە چىققۇدەك بولسا كۆرگەن - بىلگەنلەر تەپ تارتماستىن: "سىزگە نېمە بولدى؟ قارىلىق بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟" دەپ بىمەنە سوئاللارنى سوراپ ئارام بەرمەيدىغان بىنورمال ھالەت كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر يارىشىملىق چىمەن دوپپا، بادام دوپپىلار ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ باشقا مىللەت مېھمانلىرىغا تەقدىم قىلىدىغان سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالدى، خالاس.

مەيلى بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە بولسۇن ۋە مەيلى بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسۇن، ھەممە ساھە، ھەممە كەسىپ ۋە ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى بار. بىراق، يازغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى يوق (ھۆكۈمەت مەخسۇس تەكلىپ قىلغان بىر قىسىم توختاملىق يازغۇچىلاردىن باشقا). شۇڭا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز بىر قىسىم مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان مەزھەپ سوقۇشىنىڭ خەلقكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، مىللىتىمىز ھازىرچە قوبۇل قىلالمايدىغان، مىللەت ئوتتۇرىسىغا نىزا تېرىيدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازغاندىن ۋاقتىنچە سۈكۈت قىلغىنى تۈزۈك. شۇنداق قىلغاندىلا ئەجدادلارغىمۇ، ئەۋلادلارغىمۇ يۈز كېلەلىگىلى بولىدۇ. مانا بۇ - يازغۇچىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە دەۋر ئالدىدىكى بۇرچى.

— سىز بانكىدا ئىشلەپ تۇرۇپ يەنە شېئىر يازىدىكەنسىز - ھە!
— سىز قايسى مەكتەپتە، نېمە كەسىپتە ئوقۇغانتىڭىز؟
— سىز ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق نەزەرىيىسى ئوقۇمايمۇ يەنە شائىر بولۇپسىز - ھە؟

ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق، شېئىر دېگەنلەرنى چۈشەنمەيدىغانلارغۇ، بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمەيتتى. ئەكسىچە يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى سورايدىغانلار ئۆزىنى خېلى زىيالىي چاغلايدىغان، ھەمدە ئۆزىچە بۇ سوئالنى بىز شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شېئىر يېزىشنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغان، پەۋقۇلئاددە قىيىن ھۈنەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتىمىز دەيدىغان مەمەدان كىشىلەر ئىدى. ھەتتا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىلى پروفېسسورىمۇ مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىچە ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ:
— سىز مۇشۇ ئىقتىسادىڭىز بىلەن بانكىغا زايە كېتىپسىز، ئەسلي ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز بولۇپتىكەن، — دېگەنىدى.

مەن دەسلەپتە شۇنداق سورىغۇچىلارغا:
— لۇشۈن ئەپەندىمۇ ئەدەبىيات ئوقۇمىغان. ئۇ ياپونىيىدە دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىيىتىدىكى كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى كېسەلدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئۈچۈن ئوپېراتسىيىنى پىچاق بىلەن ئەمەس، قەلەم بىلەن قىلغان، — دەپ چۈشەندۈرەتتىم، كېيىنچە بۇنداق گەپلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغان، بەزىدە كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولدۇم. چۈنكى، بىزدە "نادانغا سۈكۈت" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئۇلارچە بولغاندا، يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر چوقۇم ئالىي مەكتەپتە سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق مەشىقلىرىنى ئىشلەپ دىپلوم ئالغان زىيالىيلاردىن چىقىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، يېزىقچىلىقنى ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ئۆگىتىپ قويىدۇ، يەنە كېلىپ يازغۇچى، شائىر

# بازار ئىگىلىكى ۋە دېھقان يازغۇچىلار

بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا قولۇمغا ھەر سان يېڭى ژۇرنال ۋە گېزىتنى ئالساملا ئالدى بىلەن ئاپال ئاپتورلارنىڭ ئىسمىغا كۆز يۈگۈرتەتتىم. ناۋادا ئاپال ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلغان بولسىلا ئاۋۋال شۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقاتتىم. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىم بىرى، يازىدىغانلار ئىچىدە ئاياللارنىڭ نىسبەتەن ئاز بولغانلىقىدىن، يەنە بىرى، قارشى جىنسلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىزىقىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى يېقىندىن بېرى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنى قولۇمغا ئالسام ئاۋۋال دېھقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەيدىغان، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەسىرى بولسا ئاۋۋال شۇنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم، چۈنكى ئۇلار يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن زورىيىۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېسسىياتى خۇددى دېھقانلاردەك ساددا، دېمەكچى بولغان پىكرى دېھقان قىزلىرىدەك گىرىمسىز ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت سالمىغان يەرنىڭ بۇغدىيىدەك ساپ.

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاغىنەمنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالساق سورۇن باشقۇرغۇچى (ياكى ساھىبخان) سورۇننىڭ قائىدىسى بويىچە مېھمانلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە:

— بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى شەرىپى ئابدۇرەھىم ھەكىمى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئىشلەيدۇ، ئۆزى شائىر، — دەپ تونۇشتۇراتتى.

شۇنداق تونۇشتۇرسا بەزىلەر ماڭا ھەيرانلىق، قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارايتتى ۋە ئۆزىچە مەندىن ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ باقاتتى:

ئارىسىدىنمۇ يازغۇچى، شائىر يېتىشىپ چىقمىدۇ ۋە ياكى بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە زىيالىيلارمۇ يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» ... قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللارنى سەرخىل ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئىجتىھادلىق ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىن دېھقان ئاپتورلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغان يېڭى بىر ھالەت شەكىللەندى، بەلكىم بۇنداق دېھقان شائىر، دېھقان يازغۇچى، دېھقان تەنقىدچىلەر باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭمۇ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بولۇشى مۇمكىن، ئەپسۇس ئاپتورنىڭ ئادرېسىنى بىللە ئېلان قىلىشنى ئادەت قىلمىغان مەتبۇئاتلاردىكى دېھقان يازغۇچىلارنى بايقاشقا پېقىر قادىر بولالمىدىم.

دېمەك، ھازىر جەمئىيەتكە شۇنداق نەزەر سالىدىغان بولساق مەندەك بانكىدا ئىشلەپ تۇرۇپ شېئىر يازىدىغان شائىرغىمۇ خەقنىڭ قارايدىغانغا كۆزى يوق، ھەتتا دېھقان شائىر، ئىشسىز يازغۇچى، مەدىكار پەيلاسوپ، كاۋاپچى كەشپىياتچىلاردىنمۇ ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى، ئەگەر ياخشىسى ھازىر ئۇلارنى "سەن نېمە ئۈچۈن دېھقان تۇرۇپ شېئىر يازىسەن؟"، "سەن نېمە ئۈچۈن يازغۇچى تۇرۇپ ئىشسىز قالدىڭ؟"، "پەيلاسوپ دېگەنمۇ مەدىكار بولامدۇ؟" دەپ سوئال سوراپ ئاۋارە قىلىدىغان ئادەم يوق، ئۇلاردىن ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ، خۇددى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقاندەك، گويا ئەسلى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك. مانا بۇلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بېرى نەچچە قېتىملىق مەمۇرىي بويرۇق، قۇرۇق شوئار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان، بىراق يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان

دېگەنلەر گېزىتخانا ۋە ياكى ئەدەبىي ژۇرناللاردا مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق قىلىشى كېرەك، ھېچبولمىغاندا ئوقۇتقۇچى بولۇشى كېرەك. يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر شۇنداق يەرلەردىن چىقىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بانكىغا ئوخشاش ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇل ساناش، چوت سوقۇشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەملەر توپىدىن مەندەك بىر شائىرچاقنىڭ چىقىپ قېلىشى تىرناقتىن تۆك چىققاندەك بىر ئىش ئىدى.

مەن شۇ چاغدا مەندىن شۇنداق بىمەنە سوئاللارنى سورىغانلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، ھەمدە ئەيىبلەشكىمۇ ھەققىم يوق. چۈنكى، شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىشى، سەۋىيىسى شۇنچىلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىرەر پارچە شېئىرىم ئېلان قىلىنسا بەزى كەسپداشلىرىم تېخى سۆيۈنۈپ "ئابدۇرەھىمنىڭ بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنىپتۇ" دېيىشىپ كېتەتتى. بۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى بىر قېتىم مەن يازغان ساتىرادىكى سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ ئىسمىغا تاسادىپىي ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇ خىزمەتدىشىمنى قايىل قىلالماي ئىككىمىز تەگىشىپ قېلىپ، ئاخىرىدا ناھىيىلىك، ھەتتا ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ باشلىقلىرىدىنمۇ دەككەمىنى يېگەنىدىم. ناۋادا ئۆز ۋاقتىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەرھۇم ئابدۇللا مەخسۇت (كېيىن خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان)، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مۇھەممەت توختى (كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە) دەك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رېئاللىقتىن بىر بالداق يۇقىرى تۇرىدىغان بەدىئىي توقۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان ئوقۇمۇشلۇق رەھبەرلەر بولمىغان بولسا، "باشلىق"نى سۆكۈپ ساتىرا يازغىنىم ئۈچۈن خىزمىتىمدىن ئايرىلغىلىمۇ تاس قالغانىدىم.

دېمەكچى بولغىنىم، 90 - يىللاردا دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىسى پەقەت شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇنداق شارائىتتا يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ

ھېچبولمىغاندا دېھقانچىلىق قىلىساقمۇ ئەڭ ئاز ئەمگەك ۋە ئەڭ تۆۋەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دەپ چۈشىنىدىغانلار كۆپىيىدۇ. جاپاكەش دېھقانلار ھۆددە يېرىنىڭ ھەققىي خوجايىنلىرىغا ئايلىنىدۇ، كادىر بىلەن دېھقانىنىڭ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى تەدرىجىي ئازىيىدۇ. مانا بۇلار — ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ رىتىمى. بۇنى ھېچكىم ۋە ھېچقانداق كۈچ توسىمەن دەپمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. خۇددى قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك!

خۇدا بىزگە شۇنداق ياخشى كۈنلەرنىمۇ كۆرگىلى نىسىپ قىلغاي!

ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىش ئورنىغا چىقىشتىكى رەھىمسىز رىقابەت ۋە شۇنداقلا بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي پىشاڭ بىزگە ئاتا قىلغان رېئاللىق، مانا بۇ بازار ئىگىلىكى روياپقا چىقارغان دېھقان يازغۇچىلار.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى خىزمەت تەقسىماتىدا قوللىنىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلماسلىق، ئۇلار يېزىدىن بېرىپ يېزىغا قايتىشتىن ئىبارەت بۇخىل رېئاللىق بىزگە مەلۇم بىر گۈزەل مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ ھەممىمىز خۇشاللىنىشقا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر ئىش ... دېھقانلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، يېزىلاردا ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن مىڭلىغان مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر بارلىققا كەلسە. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نەچچە يۈز روزى سايىت، نۇرمۇھەممەت توختىلار يېتىشىپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقىنى، قايغۇسىنى، دەردىنى، ئارزۇسىنى مەتبۇئات ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ ئۆگىنىپ قالغانلارنىڭ يالغان - ياۋىداق دوكلاتلىرىنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىنى، دېھقانلارنىڭ ھەققىي يۈرەك سادالىرى ئېزىپ مىجىقنى چىقىرىدۇ. يۇقىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان تۇپ مەنپەئىتىگە ھەققىي ۋەكىللىك قىلىدىغان رەھبەرلەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. تۆۋەندە پالتىنىڭ بىسىدا ئەمەس، چۈلدىسىدا ئوتۇن يارىدىغان قارا قورساق چاپارمەنلەر زاۋال تاپىدۇ. ئۇ چاغدا دېھقانمۇ ئەسلىي دېھقانچىلىق ھالىتىگە قايتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەكتەپتە ئوقۇشنى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى، نوقۇل ھالدا كادىر بولۇش يەنى بىر ئۆمۈر داش قازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان مائاشلىق بولۇش ئۈچۈن دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ تونۇشىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئەقلىي كامالىتىنى تاكاموللاشتۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى، دۇنيانى چۈشىنىش، ئادىمىيلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن دەپ چۈشىنىدىغانلار،

20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تېلېۋىزوردىمۇ، رادىئودىمۇ، گېزىتتىمۇ، ژۇرنالدىمۇ، ئىداردىمۇ، ھەتتا تويى- مەرىكە، مەشرەپ- زىياپەتلەردىمۇ ساپلا شۇ گەپ — دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ گېپى. شۇ كۈنلەردە مەركەزدىن تۆۋەنگىچە، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ئەمەلداردىن، پۇقراغىچە ھەممىنىڭ ئىش- ھەرىكىتىدە بىر خىل جىددىيلىك، قەلبىدە بىر خىل ئۈمىدۋارلىق. خۇددى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانىنىڭ ھەج سەپىرى ئالدىدىكى ئالدىراشلىقىدەك، ئاشىق يىگىتنىڭ توي ئالدىدىكى تەقەززالىقىدەك، كىچىك بالىلارنىڭ ھېيت ھارپىسىدىكى خۇشاللىقىدەك... مەنمۇ بىر جۇڭگو پۇقراسى بولغاچقا بۇ يېڭىلىققا كۆڭۈل بۆلمەي قىزىقماي تۇرالمىدىم. كۆڭۈل بۆلۈشۈم، قىزىقىشىم ئاخىر بېرىپ ئۈنتىزارلىققا ئايلاندى. خۇددى ئېلىمىز بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرسە دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق پۈتۈنلەي تۈگەپ، پۇقرانىڭ توققۇزى تەل، قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك.

"كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس" دېگەندەك 2001- يىلى 11- ئايدا ئېلىمىز ئاخىر بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىردى. قەلبىمدە بىر پاتمان خۇشاللىق، پاھ! مانا ئەمدى تاموژنا بېجى دېگەن نەرسە تۈگىدى، سودىغا توسالغۇ يوق، دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان جۇڭگونىڭ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ئۈچۈن شەرت- شارائىت ۋە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مانا ئەمدى پۇت- قولىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتساق، چەت ئەللىكلەر ئالىي پىكاپ، كومپيۇتېر دېگەنلەرنى مەھەللىگە ئەكىلىپ، كوچىمۇ كوچا تۇۋلاپ يۈرۈپ ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ ساتسا؛ كېتەشىدە بىزنىڭ بۇغداي- قوناق، خەي- پايپاقلىرىمىزنى دېگىنىمىزگە ئېلىپ قايتسا؛ ھەر بىرىمىزگە بەشتىن دۆلەتنىڭ پاسپورتىنى تارقىتىپ بەرسە، بۈگۈن پارىژدا، ئەتە لوندوندا، ئۆگۈنلۈككە مەككىدە... پاھ! ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىدىغان ئوخشايمىز، دەپتىمەن.

ئاردىن تۇپتوغرا يەتتە يىل ئۆتۈپ ئەمدى بىلدىمكى، دۇنيا سودا

# يېڭى ئەسىردىكى خۇرسەنلىك ۋە ئۈمىد

## دۇنيا سودا تەشكىلاتى جەننەت ئەمەس

ئېلىمىز 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلغىلى تۇرۇۋىدى، بۇ بوسۇغىسى ئېگىز تەشكىلاتنىڭ ئەمەلدارلىرى ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئېلىمىزنىڭ بۇ ئارزۇسىنى كەينىگە سۈرۈشكە باشلىدى. "قىرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال" دېگەندەك بىزمۇ بۇ نىيىتىمىزدىن قەتئىي يانمىدۇق. بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئۈستقۇرۇلمىدىن تارتىپ ئىقتىسادىي بازىسقىچە ھەممىنى بىر قۇر ئىسلاھ قىلدۇق. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدۇق؛ پىلانلىق ئىگىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورناتتۇق؛ زاۋۇت، كان-كارخانىلارنى دەسلەپتە ھۆددىگە بەردۇق، كېيىن پايچېكلاشتۇردۇق؛ ئىشچىلارنىڭ دەسلەپتە تۆمۈر تاۋىقىنى چېقىپ تەكلىپ قىلدۇق، ئاخىرىدا ئىشتىن قالدۇردۇق. مەركەز ھەممە ساھەگە بازارغا يۈزلىنىش چاقىرىقىنى چىقىرىۋىدى باشقا جايلاردا قانداق بولۇپتىكىن، تاڭ؟ مەن ياشىغان خوتەندىكى بەزىلەر بازار ئىگىلىكى دېگەننى "سودا-سېتىق" دەپلا چۈشىنىپ، ئىدارىنىڭ يول بويىدىكى بىر ئوبدان گۈللۈكلىرىنى بۇزۇپ، دەرەخلىرىنى كېسىپ ئورنىغا دۇكان سېلىپ ئىجارىگە بەردى. تەبىئىي مەنزىرە، گۈزەل مۇھىتنىڭ ئورنىغا "ساتىراشخانا"، "ئۇسسۇلۇق دۇكىنى"، "پۇت يۇيۇش ئورنى"، "بەل تۇتۇش ئۆيى" دېگەندەك ئاللىقانداق نەرسىلەر قۇرۇلدى. دېمەك، بىز بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق.

قوپقان سائادەت" دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ شۇنداق ئامەت ياغىدىغان جايلاردا بولۇپ قالمىغىنىمغا يۈز مىڭ پۇشايمانلارنى قىلغان چاغلىرىممۇ يوق ئەمەس. بىراق بۇ فوند سودىسى بانكا ئارقىلىق ئېلىم-سېتىم قىلىنىۋاتقان بولغاچقا بۇ سودىغا ھەر ھالدا باشقا ئورۇندىكىلەردىن بۇرۇنراق كىرىشىۋالغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم ئازراق تەسكىن تېپىپمۇ قالاتتى. "ئالدىڭغا قاراپ پىكىر قىل، ئارقاڭغا قاراپ شۈكۈر قىل" دېگەن شۇ-دە!

فوند دېگەن شەيتىنى كۈچلۈك جۇۋانغا ئوخشايدىكەن. ئويىنىمغانلارنىڭ ئويۇنغۇسى كېلىدىكەن، ئازراق پايدا تاپقانلارنىڭ جىقراق تاپقۇسى كېلىدىكەن، زىيان تارتقانلارنىڭ كۆتۈپ باققۇسى كېلىدىكەن. ئىشقىلىپ بۇ ھازارۇلنىڭ كوچىسىغا بىرلا كىرىپ قالدىڭمۇ بولدى، چىققىڭىز زادى كەلمەيدىكەن. مەن فوند سودىسىدا مىليونلاپ پايدا ئالغانلارنىمۇ، مىليونلاپ زىيان تارتقانلارنىمۇ ئاڭلىدىم. ئۆيىنى سېتىپ فوند سېتىۋېلىپ ئاقتا قالغانلارنى كۆردۈم، ماشىنىسىنى سېتىپ فوند سېتىۋېلىپ پىيادە قالغانلارنى كۆردۈم. فوند سودىسىدا پايدا تېپىپ داچا ياكى ماشىنا سېتىۋالغانلارنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بىر دوستۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىزنىڭ خوتەندىن چىققان بىر داڭلىق تاشچى (قاشتېشى سودىگىرى — مۇھەررىردىن) بار ئىكەن. ئۇ دەسلەپتە 30 مىڭ يۈەن دەسمايە بىلەن بۇ سودىغا تۇتۇش قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىش-ئوقتى راۋۇرۇس يۈرۈشۈپ دەپنە-دۇنياسى بىر نەچچە 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشنىڭ يولى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تونۇش-بىلىشلىرىدىن قەرز قىلىپ يۈرۈپ بىرەر مىليون يۈەنلىك تاش يىغىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما، دەل ئاشۇ پەيتتە تاش بازىرى كاساتلىشىپ، ئۇنىڭ تاشلىرىنى ئالارغا ئادەم چىقماپتۇ؛ بىر مىليون يۈەنلىك تاش دۆڭكۈۋرۈكتىكى مىللەتلەر كوچىسىدا خېرىدار كۈتۈپ ياتارمىش. ھېلىقى تاشچىمۇ ھەر كۈنى قەرز سوّيلەپ كېلىپ بوسۇغىنى ئېشىۋەتكۈدەك بولۇۋاتقان قەرز ئىگىلىرىدىن قېچىپ يۈرەرمىش. ئەسلىدە، ئۇنىڭ

تەشكىلاتى دېگەن مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق غايىۋى جەننەت ئەمەس، بەلكى بىر رەھىمسىز جەڭگاھكەن ئەمەسمۇ! بەزىلەرنى قۇتلىسا يەنە بەزىلەرنى پۇتلايدىغان. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىششىنى مەن تېخى ھەقچان پەلەك يانچۇقتىكى پۇل تۈگىسە قويۇن يانچۇقتىكى پۇلنى ئېلىپ خەجلىگەندەكلا ئوڭاي ئىش، مەن دېگەن تەرەققىي قىلۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەركى پۇقراسى، مائاشىم يەتمەي قالسا تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئوشۇق پۇللىرىنى خەجلىگەچ تۇرارمەن، دەپ ئاغزىمنى تاتلىق قىلىپ يۈرگەنلىرىمچۇ تېخى! مانا ئەمدى باشقىلار بىرنى چۈشكۈرۈۋىدى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە زۇكام تەگدى. ئامېرىكىدا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىۋىدى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادى كاساتلاشقىلى تۇردى. دېمەك، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش دېگەنلىك — يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىش دېگەنلىك ئىكەن. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىششى دېگەنلىك — تىكەن پۈتكۈزغا كىرسە، ياش كۆزىڭىزدىن چىققاندەك ئىشكەن ئەمەسمۇ!

## فوند سودىسىدا نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئېرىشتۇق؟

فوند شىركەتلىرىنىڭ ئېچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە قۇرۇلغانلىقى، ھەمدە ئۇلار مەھسۇلاتلىرىنى، يەنى فوندلىرىنى ئېلىم-سېتىم قىلىشنى ھەر قايسى سودا بانكىلىرى ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىملىق يېڭى فوند بازارغا سېلىنغاندا ئاۋۋال ئېچكىرىدىكىلەر ئالاتتى، ئۇلاردىن ئاشسا بىز ئالاتتۇق. ئەگەر ئۇلاردىن ئاشمىسا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ، نىمكەش بازاردىن ئالاتتۇق. چۈنكى، ئېچكىرىنىڭ ئەتىگەنلىك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى بىزدىن ئىككى سائەت بۇرۇن بولغاچقا بىر قىسىم بازىرى ئىتتىك، ئىستىقباللىق فوندلار شۇ ئىككى سائەت ئىچىدە سېتىلىپ تۈگەيتتى. ئاتا-بوۋىلارنىڭ "سەھەر

بولۇپمۇ 2008-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەركەز ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا بېكىتىلگەن مۇپەسسەل تەدبىرلەردىن، بىلىمىزنى پوتىندا مەھكەم باغلاپ، كالا بىلىنى كالىدەك مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزىۋالساقلا، بۇ قېتىمقى دۇنياۋى پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنى ئوڭۇشلۇق يېڭىپ، نۇسرەتلىك كۈنلەرگە ھامان ئېرىشىدىغانلىقىمىز خۇسۇسىدىكى ئىشەنچىمىز ئاشتى. بۇنىڭ ئۆزى غەنىمەت!

تاشلىرىنى ئىچكىرىدىكى دېڭىز بويلىرىدىن كەلگەن دۇگچىلەر( توپ ئالىدىغان ھاجەتمەنلەر — مۇھەررىردىن ) ئالارمىشكەن. لېكىن، ئۇلارمۇ نۇرغۇن دەپىنە. دۇنياسىنى پاي چېكى ۋە فوندقا سېلىۋەتكەچكە، بۇ ئىككى بازار كاساتلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، تاش ئالىدىغانغا پۇلى يوق، بۇ سودىنى بولدى، قىلغانكەن.

خوش ئۇنداق بولسا، بىز بۇ بىر مەيدان فوند سودىسىدا زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ۋە ياكى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇقمۇ؟ فوند سودىسى قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشىمىزدا زادى ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدىمۇ!؟ بولدى، كورىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى، ھېيت-بايراملىق سەنئەت پروگراممىلىرىنى قانالمۇ قانال قوغلاپ يۈرۈپ كۆرىدىغان بىغەملەر مانا ئەمدى مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل كۆرىدىغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان سەگەكلەرگە ئايلاندۇق. ئۆزىمىز ئۆيدە ئولتۇرساق كۆڭلىمىز ئامېرىكىدا پالاس قاقىدىغان بولدى. بۇرۇنقى مەھەللىۋى بايلار ھازىر زامانىۋى نامراتلارغا ئايلاندۇق. مانا بۇ — بىزنىڭ ئېرىشكىنىمىز!

لېكىن، "يامان ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بولىدۇ" دېگەنىدەك دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىنكى دۇنياۋى خىرىستىن باشقىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنى بازارغا يەنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدىغانلىقىمىزنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئانچە- مۇنچە بىلىپ يەتكەندەك بولدۇق. بۇ بىز ئېرىشكەن غەنىيمەت.

بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىقتىسادىي كاساتچىلىقنىڭ كەلتۈرمىشلىرىنى چۈنتەكتىكى بارۇ- يوقىمىزنىڭ خەجلىگىلى يەتمەيۋاتقانلىقىدىن بىلىپ يېتىشكە ئاران- ئاران قادىر بولالىغان بولساقمۇ، لېكىن پۇلنى قانداق تېپىپ قانداق خەجلەش، قىسقىسى روزغارنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرمساق، سىلكىنىپ باقمىساق بولمايدىغانلىقىنى تونۇۋالدۇق.

بۇ رۇبائىيلار ماڭا بەك ياقتى. مەن شۇ رۇبائىيلارنىڭ ئىلھامى بىلەن بىر تۈركۈم رۇبائىيلارنى يازدىم. مەن ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قۇلاق موللىسى بولغاچقا نېمىنىڭ شەرىئەت، نېمىنىڭ بىتئەت ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان چۈشىنەتتىم. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان چاكىنا، رىياكارلىقلارنى ھەجۋىي قىلىپ يازغان بىر قىسىم رۇبائىيلىرىمنى كۆچۈرۈپ ئىلاۋىسىگە "روزى سايىتقا تەقلىد" دەپ يېزىپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم. بۇ رۇبائىيلىرىم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىندى. روزى سايىت "روزى سايىتقا تەقلىد" دېگەننى "ئۆمەر ھەييام ئىزىدىن" دەپ تەھرىرلەپ قويۇپتۇ. 1987 — يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2-، 4-، 5-سانلىرىدا ئۈچ گۇرۇپپا شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يىلى 11 - ئايدا يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ بىر گۇرۇپپا شېئىر بىلەن ئۈچ قوغۇن ئېلىپ خوتەن شەھرىگە كەلدىم (ئۇ چاغدا مەن قارىقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئىشلەيتتىم). روزى سايىت بىلەن سابىق ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تاختايلىق ئىشخانىسىدا كۆرۈشتۈم. روزى سايىت ئادەتتە كۈندىلىك كەلگەن ئەسەرلەرنى بېسىپ قويۇپ ژۇرنالغا ئەسەر تەييارلايدىغان چاغدا ئاندىن بىرنەچچە كۈن ئولتۇرۇپ تەھرىرلەپ پىكىر يازىدىكەن. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ يۈزىدىن بولسا كېرەك ئۇ ئەكەلگەن ئەسەرلىرىمنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ: "بۇ شېئىرلىرىڭىز بۇرۇن ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭىزغا ئوخشىمايدىكەن، سىز يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشىپسىز، شۇڭا ئۆزىڭىز ياش بولغاندىكىن قىز باللارنىڭ كۆزىڭىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن يەرلىرىنى يېزىپ پوچتىدىنلا سېلىۋېتىڭ. ئۆزىڭىز كېلىپ ئاۋارە بولماڭ" دېدى — دە، ئەسىرىمنىڭ كەينىگە بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. مەن ئۈنچىغماي مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ، مەشنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا ئۇ ئەسىرىمنى قاتلاپ بىر كونۋېرتقا سېلىپ: "بۇنى ئالغاچ كېتىپ ساقلاپ قويۇڭ" دەپ ماڭا

# ھازىر جاۋاب شائىر روزى سايىت

2008 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دېھقانغا دىلكەش شائىر روزى سايىتنىڭ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقىنىغا يەتتە يىل بولدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇم خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ ئەپسۇس، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نامىغا ئاتاپ بىرەر پارچە مەرسىيە يېزىپمۇ ئېلان قىلدۇرالمىدىم. مەرسىيە يازمىدىم ئەمەس، بەلكى يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمىدى. قولۇمغا قەلەم ئالسام،لا پىكرىم چېچىلىپ كېتىپ، دېمەكچى بولغانلىرىم قەغەز يۈزىگە سىغمىغاندەك بىلىنىپ قالدى. شۇڭا بۇ نۆۋەت بۇ ئەسلىمىنى يېزىشنى مەرھۇمنىڭ روھى ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ قاراپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مەرھۇم روزى سايىت خۇش چاقچاق، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، مىجەزى چۇس، ئەمما كۆڭلى تۈز ئادەم ئىدى. ئۇنى ئادىمىيلىك، ئەخلاق ـ پەزىلەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، كەمتەرلىك جەھەتلەردە ئارزۇلۇق ماقامغا يەتكەن ئادەم دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ھازىر جاۋاب شائىرلىقتا ئۆز زامانىسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى تەكىدىشى كۆرۈلمىگەن تالانتلىق شائىر ئىدى. ئەمدى مەن شائىرنىڭ ئەنە شۇ ھازىر جاۋابلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ھېكايىلەرنى بايان قىلماقچىمەن:

مەن روزى سايىتنى 1980-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى»، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» قاتارلىق كىتابلىرى ئارقىلىق سىرتتىن تونۇغاندىم. 1985- يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق غەزىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، مەن بۇ شېئىرنى ياقتۇرۇپ قېلىپ يادلىۋالدىم. 1987 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ «تەرسائىي» تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان رۇبائىيلىرىنى ئوقۇدۇم.

باققىنمدىن، ئىزىدىن ماڭغىنىمدىن خۇش بولۇپ، ھەرخىل سورۇنلاردا مېنى ماختاپ يۈرۈپتۇ.

1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى مېنىڭ «چۈنكى مەن نامەرد» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇنىڭدىن خوتەندىكى قەلەمكەش دوستلار ماڭا ئوخشاشلا خۇش بولدى. چۈنكى قۇرداشلىرىم ئىچىدە مۇستەقىل كىتاب چىقارغىنىمۇ پەقەت مەنلا ئىدىم. شۇڭا دوستۇم تەلئەت ئاتاۋۇللانىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن قەلەمكەشلەر ئەنجۇمەنى ئېغىنىك ئىشچىلار مەكتىپى رېستورانىنىڭ يۇملاق گۇمبىزدىكى ئايرىمخانىغا جەم بولۇپ، مېنى، ياق مېنىڭ شۇ كىتابىمنى تەبرىكلىدى. مەن كىتابقا ئىمزايىمنى قويۇپ ھەربىر ئادەمگە بىردىن سوۋغا قىلدىم. روزى سايىت شۇ مەيداندا مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپ سورۇن ئەھلىنى خۇش قىلىپ كەيپىياتنى ئەۋجىگە كۆتۈردى:

"بالا 'نامەرد' نەشرىياتنىڭ ئېشىغا چىقتى،
نەۋقىرانلار كۆك گۇمبەزنىڭ بېشىغا چىقتى.
ھاياجانىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ھەكىم،
ئىمزا قويۇپ مۇقاۋىنىڭ بېشىغا، چىقتى.

مەن 'نامەرد' شۇ ماۋزۇيىڭىز ئېتىدى بالدەك،
خۇشال بولدۇق نەۋرە كۆرگەن ئاقساقال چالدەك.
شۇ خۇسۇستا يېزىڭ ئۇكام يەنە توختىماي،
ئارىمىزدا نامەرد تولا يوگەنسىز مالدەك".

ئەپسۇس شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بۇ قەلىمىم روزى سايىت بىلەن قېرىشقاندەك گاللىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىرى تەشكىل مېنى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خوتەن شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا مۇئاۋىن بانكا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. 5 ـ ئايدا «باشلىق بولساڭ مەندەك بول»

بەردى، مەن ئەسىرىمنى ئېلىپ روزى سايىت بىلەن خوشلىشىپ كۆڭلۈم غەش ھالدا يېنىپ چىقتىم. كۆڭلۈمنىڭ غەشلىكى قاراقاشنىڭ ياۋا يېزىسىدىن ئاتايىن تونۇپ ئاچىقتۇرغان يوغان ئۈچ قوغۇننى ئەكىلىپمۇ ئەسىرىمنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىم ئىدى. ئىشخانىدىن چىقىپلا كونۇپىرتنى ئېچىپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. كۆڭلۈمدىكى غەشلىك شادلىققا ئايلاندى. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدىكى شۇنداق بىر چوڭ مۇھەررىر، داڭلىق شائىر روزى سايىت مېنىڭ شۇ ئەرزىمەس ئەسىرىمگە شۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ مۇنداق شېئىرىي پىكىر يازغانىكەن:

"شائىر ئىنىم، بۇ شېئىرلار قېپقالدۇ،
مەن يوللىسام باش مۇھەررىر ئەپ قالدۇ.
ئۇنىڭغىمۇ ئامال قىلىپ ئېلان قىلساق،
ئوقۇغانلار ئىسست شائىر، دەپ قالدۇ.
كالپىندارغا قاراپ ئەسەر يازغانلاردىن،
شېئىر ئەمەس، بىر تاغاردا گەپ قالدۇ.
بىزگە ئوخشاش قېرىلارنى سىز دورىماڭ،
ئۇنداقلاردىن ئېچىنىشلىق 'خەپ!' قالدۇ.
شېئىر يېزىڭ، باستۇرۇشقا باش قاتۇرماڭ،
شۇندا خەلقىم ئارمانىڭىزنى يەپ قالدۇ".

گەرچە ئۇ شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، شېئىرلىرىمنىڭ روزى سايىتنىڭ نەزىرىگە ئېلىنغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم.

1990-يىلىنىڭ بېشىدا روزى سايىتنىڭ قەلەمكەشلەرگە يازغان شېئىرىي چاقچاقلىرىنى ئوقۇپ، شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن مەنمۇ قەلەمكەش دوستلارغا ئۈچ قېتىم شېئىرىي چاقچاق يېزىپ «يېڭى قاشتېشى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردۇم. بۇنى كۆرۈپ ئاق كۆڭۈل روزى سايىت مېنىڭ ئۆزىنى دوراپ

بۇ ئۇشۇقلۇق ئۇچرىغان ئامەت ئەمەس،
ئامىتىڭ كەلدى قەلەمىنىڭ زوقىدىن،
ئىقتىدارىڭ تۇغما (تەستىق خەت ئەمەس)،
تۇنجى ئۇچراشقاندا بىز ئون يىل بۇرۇن،
مەن دېگەن: شېئىر — ئوت، مەدھىيە، ئايەت ئەمەس.
ياز ھەققەتنى ئىنىم لىللا تۇرۇپ،
ساختا ئىلھامنىڭ كۈچى غايەت ئەمەس.
سەن گېپىمنى ئەستە تۇتتۇڭ، ئازمىدىڭ،
ھەم دېدىڭ: يالغان ماڭا راھەت ئەمەس.
غۇنچە تاقىتىڭ لەۋزى چىنلىقتا بۈگۈن،
ئەمما شائىر توختىغاق سائەت ئەمەس.
تۇت ئەمەلنى بىر قولۇڭدا، بىر قولۇڭ -
مەنۋى باغ راستلىسۇن، بۇ سەت ئەمەس.
ئەي ھەكىمى ماڭ ئىجاد داغدامىدىن -
روزى سايىتتەك، ئۇمۇ نامەرد ئەمەس».

مەرھۇم روزى سايىت ئۆز ھاياتىدا مەيلى تويى - مەرىكە، مەيلى نامازا - مۇسىبەت بولسۇن، مەيلى ئەمەلدارلار ھوزۇرىدا ۋە مەيلى ئاددىي دېھقانلار ئارىسىدا بولسۇن؛ مەيلى شائىرلار مۇشائىرىسىدە بولسۇن ۋە ياكى ئېغىر ئەمگەك مەيدانلىرىدا بولسۇن يۇقىرىقىدەك ھازىر جاۋاب سورۇن شېئىرلىرىنى ناھايىتى كۆپ يازغان. مەن پەقەت تېما ئېھتىياجى بىلەن ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇ ئۈچ پارچە شېئىرنىلا تىللغا ئالدىم. ئەگەر ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان، خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن سورۇن شېئىرلىرىنى يىغىپ توپلام قىلساق ئۇنىڭدىن توم بىر كىتاب پۈتىدۇ.

كىچىككىنە قىستۇرما، روزى سايىتقا نىسبەتەن مەن ياش جەھەتتە ئىنى، ئىجادىيەت جەھەتتە شاگىرت دېمەتلىك بولساممۇ بىراق ئۇ ھەر

دەپ بىر پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغانىدىم. بۇ شېئىرنى باشلىقلىرىم ئوقۇپ: "ھەممىمىز ئابدۇرەھىمدەك باشلىق بولساق ئاندىن بولامدىكەن؟ باشلىق دېگەن بىزدەك بولسا بولمامدىكەن؟!" دەپ رەنجىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ شېئىر بىلەن ماقالىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان خىزمەتداشلىرىم مەن ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرىمنى خۇددى "قىزىل باشلىق ھۆججەت"تەك چۆشىنىپ يۈرۈشكەندى. مۇھىمى كىتابىم چىققاندىن كېيىن ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە بەك قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىمايدىغان بولۇپ قالدى. خۇددى شۇ بىر پارچە كىتاب بىلەن مەن بىر داڭدار شائىر بولۇپ قالغاندەك... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندەك بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئۈچۈن ئەمەلدارلىق دېگەنمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسكەن. ئەتىسى قىلىدىغان ئىشىڭىزنى ئاخشىمى يوتقاندا ئويلاپ ياتىدىكەنسىز. قارىماققا بىكار يۈرگەندەك قىلغان بىلەن كاللىڭىز دەم ئالمايدىكەن. دېمەك، شۇنداق ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىم ئارىدا بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنىڭدىن روزى سايىت بەك خاپا بولۇپ يۈردى.

2001- يىل 1- ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆيگە مېھمان چاقىرغانىدىم، ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا روزى سايىتمۇ بار ئىدى. مېھمانلار يەپ - ئىچىشكەچ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشتى. بىراق روزى سايىتنىڭ كەيپىياتى بۇرۇنقىدەك كۆتۈرەڭگۈ ئەمەس ئىدى (ئېھتىمال لەنتى راك كېسىلىنىڭ باشلانغان ۋاقتى بولسا كېرەك). مېھمانلار روزى سايىتنىڭ لەۋزىدىن ئىككى كۇپلېت شېئىر ئاڭلىمىسا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى. روزى سايىت شۇ يەردىلا: «بانكىر ئىنىمغا شائىرانە خەت» دېگەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ ئوقۇپ بەردى:

"بىلمەن، سەن مەرد، بىراق نامەرد ئەمەس،  
ئورتا بوي سەن ئاددىي، تاغ قامەت ئەمەس.  
مەنسىپىڭدىن ئىززىتىڭ چەندان ئۇشۇق،

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى

ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن ئىبارەت مانا مۇشۇ قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى يونان مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان، ئىجتىمائىي ئىقتىساد بويىچە ئىش تەقسىماتى بۇرۇنلا مەيدانغا كېلىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز راۋاجلانغان ۋە يىپەك يولى سودىسىغا ھەم مەيدان، ھەم كۆۋرۈك بولغان بۇ بىر ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك رايوندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەردىن ئىدى.

بولۇپمۇ 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە غايەت زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇش نەتىجىسىدە ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملاشتى. قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتكە ئوخشاش يىرىك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى تاكى 13- ئەسىرگىچە تەرەققىي قىلىپ ھەتتا غەرب مەدەنىيىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ ئالتۇن دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش يىتۇك ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇرلار

ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى خانىمى روزىنىساخان ۋە باللىرىنى ئېلىپ ئۆيۈمگە پەتىلەپ كېلىپ مېنى يوقلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، "مەن ھەر جەھەتتىن چوڭ بولغاندىكىن ئابدۇرەھىم ھەكىمى ئاۋۋال مېنىڭ ئۆيۈمگە سالامغا كەلسۇن" دەيدىغان غەيرىي خىيالى ھەرگىز يوق ئىدى. بەزى ھېيتلاردا مەن يوقلاپ بارالمىساممۇ ئۇ ھەرگىز رەنجىمەيتتى، ئۇ يەنە مېنى يوقلاپ كېلىۋېرەتتى.

دېمەك، مەرھۇم روزى سايىت ھەۋەسكار ۋاقتىمدا مېنى يېتەكلىگەن، كىتابىم نەشر قىلىنسا مەن بىلەن تەڭ شادلانغان، قەلەمنى تاشلاپ قويسام مەندىن رەنجىگەن، مېنىڭ ئىجادىيەتتە توختاپ قالماسلىقىمنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلغان، كەمتەرلىكتە ماڭا ئۈلگە كۆرسەتكەن ئاق كۆڭۈل ئۇستازىم ۋە ھازىر جاۋاب شائىر ئىدى.

بىر ئەسىرنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەسەر ھازىرغىچە تېپىلمىدى. مۇبادا ئۇ ئەسەر ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆلگە ئايلىنىپ كەتمىگەنلا بولسا ھامان بىر كۈنى تېپىلغۇسى.

80 - يىللاردىن بۇيان تەتقىقاتچى، ئالىملارنىڭ قان - تەر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىر يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى ئىچىچە يېتەرلىك تەتقىق قىلىنغىنى يوق. ئالىمنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى داستاننىڭ 35 - بابىدىكى خەزىنىدارلىققا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئېيتقان نەزمىلىرىگە مۇجەسسەملەنگەن. مەن ئالىمنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسىدىن يۈزەكى ھېس قىلغانلىرىمنى تەتقىقاتچىلار ۋە كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىمۇ باشقا پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا قانۇن ۋە ئەسكەر بار ئىدى. قانۇن دۆلەت ئىچىنى ئىدارە قىلسا، ئەسكەرلەر دۆلەت ۋە پۇقرانى سىرتقى كۈچنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدايتتى ھەمدە ياتلارنى ئۆزلىرىگە ئەل قىلاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ۋە خانلىقنىڭ تۈرلۈك چىقىملىرى ئۇچۇن كېتىدىغان خىراجەت، بىرى، پۇقرالارغا باج - سېلىق سېلىش ئارقىلىق يىغىلاتتى؛ يەنە بىرى، ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ شۇ قىسىملىق جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئەسكەرلەرگە مۇكاپات شەكلىدە تارقىتىپ بېرىلگەن قىسمىدىن باشقىلىرىنى خانلىق خەزىنىگە كىرىم قىلىش ئارقىلىق توپلىناتتى. پادىشاھلىقنىڭ ئەنە شۇ بايلىقنى بىر نەپەر باش خەزىنىدارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرقانچە ياردەمچى خەزىنىچى كىرىم - چىقىم قىلىپ باشقۇراتتى. دېمەك قاراخانىيلارنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار خەزىنىدار دەپ ئاتالغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياخشى بىر خەزىنىداردىن كۈتىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ ئېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇچۇن تۆۋەندىكى مىسرالارغا مۇراجەت قىلايلى:

2750. تېپىپ بەخت، كۆپەيسۇن دېسەڭ مال - تاۋار،

مەيدانغا كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىباھا گۆھەرلىرىدىندۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە دۆلەت ئەربابى، جۈملىدىن ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى. ئۇ مىلادىيە 1020 - يىلى قاراخانىيلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى، كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن (ھازىرقى قىرغىزىستان) دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇخارا، سەمەرقەنتتە ۋە ئەينى زامانىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولمىش قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ، ئىلىم - مەرىپەتتە كامالەتكە يەتكەن ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيە قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاقىدار نۇرغۇن زىددىيەتلىرى ئۈستىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگىلەپ چىققان يەكۇنلەرنى ئىلمىي قاراش بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسى، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۇلارنىڭ شەرتلىرى قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا دائىر مەسىلىلەرنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆزقاراش بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى (1070 – 1096) قەشقەردە تاماملاپ ئۇنى تاۋغاچ ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغرا قاراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپ (ئوردىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل خاننىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى) لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنىڭدىن باشلاپ ئوردىدا ئون بەش يىل ۋەزىپە ئۆتەپ تەخمىنەن 1085 - يىلى قەشقەردە 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئاگلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يەنە «سىياسەتنامە» دېگەن

تۈزدەلەيدىغان، خاتىرىلىيەلەيدىغان بولسۇن، قىسقىسى ھېسابات تۈتۈشقا دائىر ھەرخىل بىلىملەرنى ئىگىلىگەن كەسپ ئەھلىلىرىدىن بولسۇن.

2775. يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا ۋاقىت ھەم ئېنىق،

بىلىنگەي رەقەم – سان ئايرىم ۋە ئوچۇق.

خەزىنىگە مال – مۈلۈكنى كىرىم – چىقىم قىلىغاندا مۇئامىلە سادىر بولغان يىل، ئاي كۈننى ئېنىق يېزىشى، ئىقتىسادىي مۇئامىلىنىڭ قىممىتىنى رەقەم بىلەن ئايرىم، ئوچۇق يېزىشى، ئۇنى ئۆچۈرۈپ، سىزىپ چاپاق قىلىپ، گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

2781. خىزمەتچى ھېساباتا غاپىل بولسا گەر،

ھېساب ۋاقتىدا باش ئۇرۇپ ئېگەر.

ھېساب تۇتقۇچىلار ھېساب ۋاقتىدا يەنى خىزمەت ۋاقتىدا دىققىتىنى خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەقىل – ھوشى بىلەن ئىش قىلماي خىلاپلىق قىلسا، ئاتچوت قىلغاندا ياكى ھېساب تەكشۈرگەندە دەپتەردىكى قالدۇق بىلەن خەزىنىدىكى ئەمەلىي مۈلۈك ئۇدۇل چىقماي قېلىپ ئۇنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا خەزىنىدار ھەرۋاقىت سەزگۈر، چېچەن تۇرۇشى لازىم.

2783. ھېساباتا تۆت ئەمەل ئۇققاچ كېيىن سەن،

شۇغۇللان يەنە ئۇ، ھەندىسە بىلەن.

خەزىنىدارلار ھېساباتىدىكى تۆت ئەمەلنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت يەنە گېئومېترىيە بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان بولسۇن، ئۇلار كىرىم – چىقىمنىلا بىلسەم بولىدى دەپ تىرىشمىسا، ھەرخىل ماتېماتىكىلىق فورمۇلالارنى بىلمىسە، مۇرەككەپ ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، خەزىنىدارلارنىڭ ۋەزىپىسى خەزىنىدىكى تەييار بايلىقنى ئىشلىتىشلا ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ شۇ ئورۇننىڭ ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزۇشنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت.

2799. قولى چىڭ ساق بولسۇن ئۇ بولماي سېخى،

خەزىنە مېلىنى چاچمىسۇن تېخى.

كۆزى توق، پەيلى ئۆز بولسۇن خەزىنىدار،

ھۆكۈمران ياكى پادىشاھ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتسۇن، خەلق بېيىسۇن، ئۆزۈم بەخت تاپاي دېسە، خەزىنىدارلىققا خىيانەت قىلمايدىغان، كۆزى توق ئادەملەرنى قويسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، دۆلەت روناق تاپىدۇ، خەلق بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

2764. مەي ئىچمەي بولسۇن ئۇ، ئۆزىن تۇتقۇچى،

ئۆزىن تۇتقۇچى ئۇ، بەخت تاپقۇچى.

خەزىنىدارلار يەنە مەي ئىچمەيدىغان، ئۆزىنى تۇتالايدىغان، سالماق ئادەملەردىن بولسۇن، روھى تېنىنى، ۋىجدانى نەپسىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەملەردىن بولسۇن، مەي ـ شارابقا ئامراق، بەزمە ـ زىياپەتلەردىن كەلمەيدىغان رېستوران "كۈچۈكلىرى" دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرىدىغان خەزىنىدارلىققا يارىمايدۇ.

2765. مەي ئىچسە مىلىغا سىخىيلىق قىلۇر،

كىشىگە بېرىپ مال، ئالالماي قالۇر.

مۇبادا خەزىنىدارلار ئەنە شۇنداق ھاراقكەشلەردىن بولۇپ قالسا مەستلىكتە خۇدىنى بىلمەي سېپىنى يەپ ھارىقنى ئىچىپ، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى بۇيرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. خەقنىڭ نەرسىسى گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. بىر ساپ ئۆزۈم ئۈچۈن بىر باغقا ئوت قويىدىغان ئاچ كۆز ئادەملەرنى خەزىنىدارلىققا قويۇشقا بولمايدۇ.

2773. ئۇ بولسۇن يېزىش ھەم سىزىش ماھىرى،

ھېسابات تۇتۇشقا بولسۇن ھۈنىرى.

خەزىنىدارلار مەلۇم دەرىجىدە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولسۇن، يەنە ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدىكى ئارتۇق ـ كەمچىلىكنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلىيالايدىغان بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرخىل ستاتىستىكا جەدۋەللىرى ۋە كىرىم ـ چىقىم دەپتەرلىرىنى سىزالايدىغان،

بۇزغۇنچىلىق ۋە دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇپ، ئاۋامنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك بىباھا ھېكمەتلىرىدىن يەنە كۆپلىگەن نەقىل كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. بىراق، تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، ئەقلى ئىگىلىرى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا ئالىمنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسىنى يۇقىرىقى نەزمىلەردىنمۇ تولۇق چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خەزىنىدارلارمۇ، شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرىدىغانلار ئىدى. ھازىرقى سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى بانكا خادىملىرىمۇ مانا مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان خەزىنىدارلاردۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆز ۋاقتىدىكى خەزىنىدارلار بىلەن ھازىرقى پۇل مۇئامىلە خادىملىرىنىڭ خىزمىتى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمىسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن پەرقلىنىمەيدۇ. شۇڭا مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەزىنىدارلارغا قويغان تەلىپىنى ھازىرقى جەمئىيەتتىكى پۇل مۇئامىلە خادىملىرىغا تەدبىقلاشقا تامامەن بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلىرىمىز خەزىنىدارلارغا ئەنە شۇنداق تەلەپ قويغان ۋە شۇنداق سۈپەتنى ھازىرلىغان كىشىلەرنى خەزىنىدارلىققا تەيىنلىگەن. ئەپسۇس، بىز بۈگۈنكى ئېلېكترون دەۋرىگە كەلگەندە مۇشۇنداق تەلەپنى ھازىرلىيالىدۇقمۇ ۋە ياكى بۇنداق تەلەپتىن يىراقلاپ كەتتۇقمۇ؟ سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق يۇقىرىقى شەرتكە توغرا كېلىدىغان بانكا خادىملىرىدىن زادى قانچىسى چىقار؟ ھەرقايسى بانكىلاردىكى كونىرى كۆپىيىۋاتقان ناچار قەرز پۇللار زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ!؟ مانا بۇ خەزىنىدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنىڭ بىزدە تېخىچە تولۇق يېتىلىپ بولالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇرلار تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ھاكىمىيەت دەستۇرى، ئادەم بولۇشنىڭ مىزانى. ئۇنىڭغا سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، ئىقتىساد،

خەزىنىدارلار ئىقتىسادچىل ھەم سەممىي بولسۇن، قولى ئەگرى ئوغرى، خىيانەتچىلەر خەزىنىدارلىققا يارىمايدۇ. يەنە ئۇ بەك سېخىيلىق قىلمەن دەپ، خەزىنە مېلىنى بۇزۇپ چاچمىسۇن، باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۇچۇن ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ - چاچىدىغان كۆز بويامچى ساختىپەزلەرمۇ خەزىنىدارلىققا يارىمايدۇ.

2800. سېخىيلىق بەك ياخشى تاشلىماس كېرەك،
لېكىن خەلق مېلى بىرلە قىلماس كېرەك.

سېخىيلىق بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى خىسلەت، لېكىن ئۇنى خەلقنىڭ مال - مۈلكى بىلەن قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ھەققىي سېخىيلىق قىلمەن دەيدىكەنسىز، سىز ئۇنى ئۆز نەپسىڭىزدىن كېچىپ، شەخسىي مۈلكىڭىز بىلەن قىلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز بۇ دۇنيادا ھۆرمەت، ئۇ دۇنيادا ساۋاب تاپالايسىز.

2804. ئېلىم ھەم بېرىمدە بولسۇن مۇلايىم،
ئۇلۇغ ھەم كىچىككە چۈچۈك سۆز دائىم.

خەزىنىدارلار باشقىلاردىن ئالىدىغان چاغدا سىلىق بولۇپ، باشقىلارغا بېرىدىغان چاغدا ۋە ياكى باشقىلار ئۇنىڭغا ھاجەت بولۇپ ئالدىغا كەلگەندە غادىيىۋالمىسۇن، ھاجەتمەنلەرگە قوپاللىق قىلمىسۇن، ئالىدىغان چاغدىمۇ، بېرىدىغان چاغدىمۇ كىشىلەرگە ئوخشاشلا سىلىق - سىپايە مۇئامىلىدە بولسۇن؛ ئۇلار يەنە ئۆزىدىن مەرتىۋىسى چوڭلارغا يولۇقسا پۈكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئۆزىدىن مەرتىۋىسى تۆۋەنلەرگە يولۇقسا غادىيىۋالىدىغان ئىككى يۈزلۈك، مەۋقەسىز، تەخسىكەشلەردىن بولمىسۇن، ھەممە ئادەمگە چۈچۈك سۆز بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولسۇن، دەيدۇ.

دېمەك، ئالىمنىڭ قارىشىچە خەزىنىدار مەيلى ئەخلاق - پەزىلەتتە بولسۇن، مەيلى كەسپىي ساپادا بولسۇن ئىنسان پەزىلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە تولۇق يېتىلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق ئادەملەردىن بولسۇن، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن پادىشاھ ھاكىمىيەتنى ئوڭۇشلۇق

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇل قارىشىغا نەزەر

بىز ئۇيغۇرلاردا "ئەر كۆركى ساقال، تىل كۆركى ماقال" دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار، دېمىسىمۇ ماقال ـ تەمسىللەرگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر ھېكمەت يۇشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرى، ئىدىيىۋى كۆرەشلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان قاراشلىرى، ئەۋلادلارغا بولغان نەسىھەت، ۋەسىيەتلىرى... قىسقىسى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا ھەرقانداق كىشى ئۆز پىكرىنىڭ ئىخچام ۋە قايىل قىلارلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ماقال ـ تەمسىللەرگە باي خەلق. مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە، مەيلى ئېغىز تىلىمىزدا ۋە ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن ماقال ـ تەمسىللەردىن ئايرىلالمايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ياكى مىراس قالغان پۇل ھەققىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئاز ئەمەس. كىشىلەر تەرىپىدىن دائىم ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇلغا بولغان كۆز قارىشىنى بىر قەدەر مۇپەسسەل چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا پۇل دېگەن زادى نېمە؟ پۇل — ئومۇمىي تەڭ قىممەتداش بۇيۇملۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان پەۋقۇلئاددە تاۋار بولۇپ، ئۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا تاۋارلار دۇنياسىدىن ئىستېخىيىلىك ھالدا بۆلۈنۈپ چىققان ئالاھىدە خىلدىكى تاۋار، ماركسنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا پۇل — ئالماشتۇرۇش جەريانىنىڭ

ئەخلاق قاتارلىق ئومۇمىي پەنلەرنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئالىمنىڭ ئالەمشۇمۇل داڭدار ئەسىرىگە مەندەك بىر ئادەمنىڭ تەبىر بېرىشى خۇددى كۇندۇزى شام ياققاندەك بىر ئىش بولسا كېرەك. شۇڭا تەتقىقاتچىلارنىڭ، كەسىپداشلارنىڭ بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

"بىر سەر ئالتۇن قوشۇلسا، بىر سەر ئەقىل قوشۇلۇر."
بۇ ماقالىنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن مەن مۇنداق بىر ئەمەلىي
كايىنى قىستۇرماقچىمەن. تېخى تونۇگۈنلا ئوشبۇ ماقالىنىڭ خام
ېرىيالىنى تەييارلاپ ئولتۇراتتىم. پوچتىكەش ئىككى يۈز يۈەنلىك پوچتا
رېۋوت چېكىنى ئەكىرىپ بەردى. بۇ ئاتوش شەھەر ئىچى شائخەي
زىرىدىكى س. ھاجىمنىڭ دادامغا ئەۋەتكەن ئازراق كۆڭلى ئىكەن.
نۇشنىكى يېتىم-يېسىرلارغا ئوتۇن-كۆمۈر، گۆش-ياغ، ئۇن-گۈرۈچ
لىپ بېرىپ خەيرخاھلىق قىلغانلىقىنى سىرت يەنە خوتەندىكى يىراق
ۇغقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان بۇ ئىنساپلىق باي تۇغقىنىمىنىڭ قانچىلىك
ۇلى بارلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. بىراق ئۇنىڭ ئاتۇشتا بىر شەھەر
امانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرغانلىقى، ملڭ دۇكانلىق بىر سودا بازىرى
ئۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئۈرۈمچىدە مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئالتە قەۋەتلىك
خىزمەت بىناسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى تۆرلۈك ماللار توپ تارقىتىش بازىرى
قىلغانلىقى... قاتارلىقلارنى بىلىمەن ھەمدە يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۇنىڭ مەن بىلەن تەڭ ياشلىق يەنى 1962 - يىلى داش
قازاننىڭ بېشىغا تۇغۇلغان چوڭ ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان
بىلىمەن. ئۇنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئوغلى مەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا
مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا گىردە ۋە ئاشلىق بېلىتى ساتقان. مەن
ئوقۇغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىدىن ئۆتكەن بولۇشى
مۇمكىن، بەلكى ئىچىگە كىرىپ باققان ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭغا شۇنچە
كۆپ ئىگىلىكنى تىكلىگۈدەك، باشقۇرغۇدەك ئەقىل-پاراسەت پەقەت
پۇلدىن كەلگەن.

"پۇل ئالساڭ ساناپ ئال، خوتۇن ئالساڭ سىناپ ئال."
پۇل ئالسا ساناپ ئېلىشنى ئەجدادلىرىمىز قويما پۇللارنى ئوبوروت
قىلىشقا باشلىغان شۇ دەۋرلەردىلا تونۇپ يەتكەن ۋە ئېلىم - بېرىم
ئىشلىرىدا پۇلنى تەپسىلىي ساناپ سودىنى پۇختا قىلغان. سودىگەرلەر
كىشلەر نەزىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن سانىلىپ كەلگەن، ئالغۇچى

مۇقەررەر مەھسۇلى بولغان تاۋارنىڭ جەۋھىرى.

بىز ئۇيغۇرلاردا "تىرىك دۇنياغا تويماس، ئۆلۈك دۇئاغا (تويماس)" دەيدىغان ماقال بار. دېمىسىمۇ ئەركىشى بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسىگە تويماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى شۆھرەت، بىرى شەھۋەت، يەنە بىرى پۇل. ئەمدى تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇل ھەققىدىكى كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: "پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە".

بۇ ماقالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز پۇلنى ھەرگىزمۇ غايىبتىن تىلەپ تېپىشنى ياكى ئىشلىمەي چىشلەشنى، تەييارغا ھەييار بولۇپ باي بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ياكى تەشەببۇس قىلغان ئەمەس. تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولى گۈللەنگەن زامانلارغا قەدەر... قىسقىسى تا بۈگۈنگىچە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىككى قولى بىلەن ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىشنى، باي بولۇشنى، تۇرمۇشنى پاراۋان ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ھەمدە شۇنداق ئېسىل تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى بىزلەرگە مىراس قالدۇرغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن "پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە" دەيدۇ. مەيلى باي ياكى گاداي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۇلنى ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرىدۇ. پۇلنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق. كىشىلەر دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېرىشىشتىن بۇرۇن قەدىرلىگەن بىلەن ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن زېرىكىشكە باشلايدۇ. بىراق پۇلنى بولسا ھەممە كىشىلەر ئېرىشىشتىن بۇرۇنمۇ، ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ قەدىرلەپ ئۆتىدۇ. چۈنكى پۇل كۈندە بىر قېتىم ياتلىق بولسىمۇ مەڭگۈ ئېيىپتى يوقاتمايدىغان قىزغا ئوخشايدۇ. شۇڭا پۇلنى پۇلى يوقلارغا قارىغاندا پۇلى بارلار بەكرەك چىڭ تۇتىدۇ، بەكرەك قەدىرلەيدۇ. پۇل تېپىشقا كەلگەندىمۇ نامراتلارغا قارىغاندا بايلار بەكرەك ئالدىرايدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز "پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە" دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

پۇل ئارقىلىق يات ئادەمنى تۇغقان قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بىراق تۇغقاندىنمۇ چارە مېھرىبان ۋە ھەمنەپەس قىلىش مۇمكىن.

"تۇغقانىنى يات قىلاي دېسەڭ ئوتتۇرىدا قىز قوي" دېگەن مىسراغا كەلسەك، يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا توي قىلىپ باللار ياخشى ئۆتەلمەي قالسا بۇنىڭ تەسرىدە چوڭلارنىڭمۇ ياتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە باللار ياخشى ئۆتۈپ قالسا ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ مېيىپ تۇغۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن شۇنداق ئۇرۇق - جەمەتنىڭ ئاخىر نەسلى قۇرۇپ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن، مانا ھازىرمۇ مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق ئىلىم - پەنمۇ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنى چەكلىمەكتە. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقلىي خۇلاسە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى.

"ھېسابنى بىلمىگەن ھەمياندىن ئايرىلار".

پۇل تېپىش ئۈچۈن ساغلام بەدەن ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە باش كۆتۈرمەي كالىدەك ئىشلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەكسىچە پەم - پاراسەت ۋە ئەقىل - ئىدراك بولۇشى كېرەك، پايدا - زىياننى ھېسابلىيالايدىغان، ئۈچۈرنى ئىگىلىيەلەيدىغان، بازارنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدىغان... ھېساب بىلىدىغان ئادەم ئاندىن پۇل تاپالايدۇ. ھەمدە بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىپ ھەميانىنى تولدۇرالايدۇ. ھېساب بىلمەيدىغان، كاللا ئىشلەتمەيدىغان، ئىش قىلسا قارىسىغا تەۋەككۇل قىلىدىغانلار ھەمياندىن يەنى بار پۇلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتنى يېپەك يولىغا ئاساس سالغۇچى ئەجدادلىرىمىز ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن.

"چىنە بولسا دېزى بولمىسا، يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا."

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆتنە قىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قىينچىلىقىغا ياردەم بېرىشىپ ئۆزئارا ھاجىتىنى راۋا قىلىشىپ تۇرىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

كەم ئاپتەمەن دەيدىغان، بەرگوچى ئارتۇق بىرىپتەمەن دەيدىغان ئورۇنسىز دەۋا ـ دەستۇردىن ھەر ۋاقىت ھەزەر ئەيلىگەن ۋە خالىي بولغان.

ئۆتكەن يىلى شۆبە بانكا خەلق پۇل ئامانىتى مەخسۇس پونكىتلىرىنى قىلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش بويىچە باھالاش ئېلىپ باردى. باھالاشنىڭ شەرتلىرى ئىچىدە "پۇلنى نەق مەيداندا ساناپ ئېلىڭ، پونكىتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن كەم چىقسا ئىگە بولمايمىز" دېگەن سۆزلەرنى كاسسىرلارنىڭ ئودۇلىغا مۇئامىلدارلارنىڭ كۆرىدىغان جايىغا يېزىپ قويۇش دېگەن بىر مەزمۇنمۇ بار. شۇنىڭدىن قارىغاندا يۇقىرىقى سۆزنى يېزىپ چاپلاشنى تېخىچە ئەمەلىيلەشتۇرمىگەن بانكىلارمۇ خېلى بار ئوخشايدۇ. بۇ ماقالىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىغا "خوتۇن ئالساڭ سىناپ ئال" دېگەن سۆزنىڭ قايپىيە قىلىنغانلىقىدىن قارىغاندا بۇ ماقالىنىڭ چوقۇم شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى يەنى بۇ ماقالىنىڭ تارقىلىپ يۈرگىنىگە 1000 يىلدىن ئاشقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ جامالىنى يات ئەر كىشىگە كۆرسىتىش ھارام سانىلىپ، ئەر بىلەن ئايال پەقەت نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېينلا يەنى توي ئاخشىمى يۈز كۆرۈشىدىغان يوسۇن ئومۇملىشىپ كەتكەن. بۇنداق شارائىتتا "خوتۇن ئالساڭ سىناپ ئال" دېگەن گەپنى كۆڭلىدە ئويلىغان تەقدىردىمۇ ئېغىزدىن چىقىرىشقا ھېچكىممۇ پېتىنالمايتتى.

دېمەك ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن 1000 يىللار بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان بۇ ماقال بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندىمۇ ئۆزىنىڭ قىممەت ـ ئېتىبارىنى ۋە پاساھىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئەكسىچە پۇلنى ساناپ ئېلىشمۇ، خوتۇننى سىناپ ئېلىشمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەكىتلەنمەكتە.

"ياتنى تۇغقان قىلاي دېسەڭ ئوتتۇرىدا پۇل قوي، تۇغقاننى يات قىلاي دېسەڭ ئوتتۇرىدا قىز قوي".

پۇل شۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگىكى، ئۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالغىلى، مايىل قىلغىلى، ئوۋلىغىلى بولىدۇ.

ز بەرمەيدىغان يامان كەيپىيات يامراپ كەتتى. ھەي...مۇشۇ ويمچى"لار كەلگۈسىدە ئەۋلادلارغا، مەھشەر كۈنى ئەجدادلارغا قانداق ز كېلەركىن تاڭ!...

"تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، پۇل ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي".

ئەجدادلىرىمىز بۇ ماقال ئارقىلىق پۇل ئالغان ئادەمنىڭ قانچە ەس، ساختىپەز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ھامان بىر كۈنى بەرمەي تۆلىمايدىغانلىقىنى، ئۆتنە ئالغان، قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇشنىڭ ۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش بايغىمۇ، گادايغىمۇ، خانغىمۇ، پۇقراغىمۇ، ئىغىمۇ، قىرىغىمۇ، ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ...ئىش قىلىپ ھەممە ئىنسان ۇچۇن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ھەققەت ئىكەنلىكىنى سەممىزگە سالغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ قەرزدار ياۋاشراق بولسا ئېلىپ، يامانراق، ۇتتەھەم "قويمىچى" بولسا "خەپ قىيامەتتە ئالارمەن!" دەپ بۇ دۇنيادا ىلغىلى بولىدىغان ئىشنى قەستەن ئۇ دۇنياغا سۆرىگەن ئەمەس.

يۇقىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۇلغا ناھايىتى يۇقىرى تەبىر بەرگەنلىكى پۇلنى ناھايىتى مۇقەددەس بىلگەنلىكى، دۇنياغا كەلگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ قالماسلىقى، بويۇن قىسىپ يۈرمەسلىكى، باشقىلار ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلاردا سەيلە - ساياھەت قىلىپ يايراپ يۈرسە، يەنىلا قوتۇر ئېشەكتە كۆتىنى يېغىر قىلىپ ئولتۇرماسلىقى؛ پۇل تېپەلىدىن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇيالماي چالا ساۋات بولۇپ يۈرمەسلىكى، پۇل تاپەلىدىن بالىنىستقا كىرەلمەي ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن پۇل تېپىشقا ۋە تاپقان پۇلنى چىڭ تۇتۇشقا شۇنداق ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداق پۇلدارلىرىمىز ئەينى زاماندا يېپەك يولى سودىسىغا ئاساس سالغاچقا، ئۆز زامانىسىنىڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ئابرۇيلۇق مىللەتلەردىن بولۇپ ياشىيالىغان، لېكىن ئەجدادلىرىمىز ھەرگىزمۇ "پۇل ھەممىگە قادىر" دەپ ھالال - ھارامنى ئايرىماي قارىغۇلارچە پۇل تېپىشنى ئەسلا تەشەببۇس قىلغان ئەمەس.

"خەجلەيدىغان بىر پۇل بار، خەجلىمەيدىغان مىڭ پۇل بار."

مۇمكىن بولسا ھەركىم كىرىمگە قاراپ چىقىمنى بەلگىلەش، ھالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، يوتقانىغا بېقىپ پۇت سۇنۇش، خالتىسىغا بېقىپ ئۇن تارتىش كېرەك. لېكىن باشقا كۈن چۈشكەندە كېچىدە تام تېشىشنىڭ ياكى كۈندۈزى قول تەڭلەشنىڭ ئورنى يوق. ئۇنداق چاغلاردا چوقۇم ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەردىن، قولۇم - قوشنىلاردىن ياكى ئىقتىسادى ئۆزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن (ھازىرقى جەمئىيەتتە بانكىدىن) مەلۇم مۇددەتلىك قەرز ئېلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى غەملەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئەيىب كۆرۈشكە بولمايدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ قەرز ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە قانداق يوللار، ئامال - چارىلەر ئارقىلىق قايتۇرۇشنى ئوبدان ئويلىشىپ، قەرزنىڭ قەرەلى توشۇشتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئۇنداق قىلماي، مەڭگۈ قەرزدار يىگىت، قەرزدار ئائىلە بولۇۋېلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىمۇ نومۇس ھېسابلانغان. ئەجدادلىرىمىز قەرزدار يىگىتنى دەز كەتكەن چىنىگە ئوخشاش يارىماس، سورۇنلۇقى يوق بىر تاشلاندۇق نەرسىگە ئوخشاتقان.

يېقىندىن بېرى بىزگە نەدىن ۋە كىمدىن يۇقتىكىن تاڭ، ئارىمىزدا ئاجايىپ بىر خىل ۋابا كېسەللىكى يەنى قەرزدارلىق كېسەللىكى، خەلقىمىزنىڭ ئېغىز تىلى بويىچە ئېيتقاندا "قويمىچى" لىق كېسەللىكى تارقالدى. خېلى ئابرۇيلۇق تىجارەتچىلىرىمىزمۇ بىر ئوبدان ئېقىۋاتقان تىجارىتىنى تاشلاپ "قويمىچى" بولۇۋالدى. بۇ خىل قويمىچىلار قانچىلىغان تىجارەتچىلەرنى دەسمايىسىدىن ئايرىپ، قانچىلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ، بالىلارنى يېتىم، ئاياللارنى تۇل قالدۇردى. قانچىلىغان بانكا باشلىقلىرى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. شۇ "قويمىچى" لارنىڭ تۈپەيلىدىن قانچىلىغان زاۋۇت، شىركەتلەر تاقىلىپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىشتىن بوشىتىلدى، دىرېكتورلىرى جازاغا تارتىلدى. شۇڭا، ھازىر كىشىلەر قەرزدارلىقتىن نومۇس قىلمايدىغان، قەرز بېرىشتىن قورقىدىغان، بىرەر ھاجەتمەن پۇل سوراپ كەلسە پۇلى بار تۇرۇپمۇ يالغان سۆزلەپ پۇل

بېرىش، جازانىگە پۇل بېرىش ... ئۆزى ئىشلىمەي نامرات دېھقانلارنىڭ نان-تەرى بەدىلىگە، ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش يولى بىلەن بېيىدىغان ئەھلىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ ھېكمەتلىك ھەجۋىي ماقال-تەمسىلەر ئارقىلىق كۈچلۈك قامچىلىغان.

يۇقىرىقى ماقال - تەمسىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پۇل تېپىشقا ۋە پۇل تاپقاندىمۇ ھالال يول بىلەن پۇل تېپىشقا ھەر ۋاقىت ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ھالالدىن پۇل تېپىپ، ئۇنى توغرا يولغا ئىشلەتكەنلەرنى ھۆرمەتلەپ، ھارام پۇل تاپقان ۋە تاپقان پۇلنى ناتوغرا ئىشلارغا ئىشلەتكەنلەرگە نەپرەت ياغدۇرغان ۋە لەنەت ئوقۇغان. شۇنداقلا بىزلەرگە مانا مۇشۇنداق ئېسىل مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇش ئارقىلىق بىزنىمۇ ئۆزلىرىدەك مەرد، پاك، ھالال ياشاشقا ئۈندىگەن.

مانا ھازىر ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. ھەممە مىللەت، ھەممە تەبىقە پۇل تېپىش ئۈچۈن بازار قاينىمىغا شۇڭغۇپ كەتتى. بىزدىنمۇ مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان تىجارەتچى بايلار چىقىۋاتىدۇ. بىراق، يەنىلا يېگەنىنىڭ ئاغزىغا، كىيگەنىنىڭ ئۈچىسىغا قاراپ بويىنى قىسىپ، تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ يۈرۈۋاتقان دېھقانلىرىمىز، خەقنىڭ قورسىقى تويسا كېكىرىشىپ بېرىۋاتقان كىسمى يىگى، يانچۇقى قۇرۇق كادىرلىرىمىز، كالپۇكىدىكى گەزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لەۋ سۇرۇخ سۇرۇۋالغان، يۈزى مايلاقلىق، قورسىقى ئاچ خانىملىرىمىز يەنىلا بار. شۇڭا، بىزمۇ قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يېيىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلاردا “پۇلى يوقنى بازار تونۇماس” دېگەن ماقال بار.

ماقال - تەمسىلەر ھەر كىمنىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق، خىيالىي ئويلىنىشى بىلەن توقۇلغان بولماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك تۈمەن ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تەجرىبىلەرنى خۇلاسە قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ماقال - تەمسىلەردە خەلقنىڭ قىممەتلىك تۇرمۇش

ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن پۇل بولسا گەرچە ئۇ بىر تىيىن بولسىمۇ ھېسابلىشىپ ئىلىش ۋە بىمالال خەجلەش كېرەك. ئۆزۈڭ ئەجىر قىلمىغان، يەنى باشقىلار بەرگەن پۇل بولسا گەرچە ئۇ مىڭ تىللا بولسىمۇ ئالماسلىق، كۆز قىرىنىمۇ سالماسلىق لازىم. ھارام پۇل ـ مال خۇددى كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇنى تۇتسا قول كۆيىدۇ، يۇتسا تىل كۆيىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىلىشقا ۋە خەجلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. "خەجلىمەيدىغان مىڭ پۇل" ئەنە شۇ ھارام پۇلدۇر. ئەجدادلىرىمىز مال ـ دۇنيانى ھالالدىن تېپىشقا ئەنە شۇنداق ئەھمىيەت بەرگەن. ئەكسىچە پۇل تېپىشنىلا بىلىپ، خەجلەشنى بىلمەيدىغان، پۇل ئۇچۇن جېنىدىن كېچىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان ھەتتا گېزى كەلسە ئانىسىنى سېتىشتىنمۇ يانمايدىغان، پىخسىق، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ھېچقانداق يۈز ـ ئابرۇيى يوق، ناكەس ئادەملەرنى "پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ" دېگەن ماقال ئارقىلىق بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىنكار قىلىۋەتكەن.

"تەڭگەڭ يۈزگە يەتكۈچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن."

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز پۇلنى ھەرگىزمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتتىن ئەلا بىلگەن ئەمەس. پۇلنى دوستلىرىدىن ئەزىز بىلگەن ئەمەس. ئۇلار پۇل ئۈچۈن دوستلىرىنى سېتىۋېتىدىغان، پۇل ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنى ئورنىغا ئىتتىرىدىغان نائەھلىلىكنى ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەن ئەمەس. ئەكسىچە دوستلۇقنى پۇلدىن ئەلا ۋە قىممەتلىك بىلگەن. مەردلىك، سېخىيلىك بىلەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىپ بىر ـ بىرىگە ھەققىي دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزگەن. شۇڭا نۇرغۇن پۇلدار كىشىلەر ئەل ـ جامائەتنىڭ نەزىرىدە يۇرت كاتتىلىرى سانىلىپ ئەمەلدارلار، قازى، ئاخۇنلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

"بايغا ئارغامچا، نامراتقا كۇلا، باي بولاي دېسەڭ نامراتنى بۇلا."

ھارامخورلۇق قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، نامراتلارغا يەر ئىجارە

# ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

## ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، «جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ ئۆتۈش، گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغاچقا، شىنجاڭدا جەمئىيەت نىسبەتەن مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر بىر قەدەر ئىناق ئۆتتى، شىنجاڭ ئىككىنچى يەنئەن دەپ ئاتىلىپ، غايىلىك زاتلار ئىنتىلىدىغان جايغا ئايلاندى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي مىلىتارىستلىق ئەپتىنى ئاشكارىلىدى، ئۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ ئورنىغا ئەكسىيەتچىل مۇستەبىتلىك، تېررورلۇق سىياسىتىنى دەسستىپ، كۆپ قېتىم ئاتالمىش «سۇيىقەست پىلانلاش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى» نى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىغا زەربە بەردى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. مىللىي مەسىلە جەھەتتە، شېڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىلدە يولغا قويغان «مىللەتلەر باراۋەر» دېگەن سىياسەتنى بىكار قىلىپ، دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى باستۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىنكار قىلىپ، بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى "نەسلداش ئۇرۇق" دەپ

تەجرىبىلىرى، دانىشمەنلىكى ۋە ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئىزھار قىلىنغان. بۇ ھەقتە گوركى مۇنداق دېگەنىدى: "ئومۇمەن ماقال - تەمسىللەر پۈتۈن تۇرمۇش، ئىجتىمائىي، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ناھايىتى چىرايلىق فورمىدا ئىپادە قىلىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ دانالىق، سۆزنىڭ سادىقلىقىدىدۇر. ماقال - تەمسىللەر ھەجىم جەھەتتىن قىسقا بولىدۇ. ئۇلاردا توم - توم كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا توغرا كېلىدىغان پىكىر ۋە سەرگۈزەشتىلەر مەۋجۇت".

شۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ماقال - تەمسىللەرنى قېزىش، تەتقىق قىلىش پەقەت ئەجدادلىرىمىزنى ياد ئېتىش، ئۇلاردىن پەخىرلىنىش ئۈچۈن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆندىن - كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان مىللىي ئاڭ، مىللىي پسىخىكىمىزنى بېيىتىشىمىز، جانلاندۇرۇشىمىز ھەمدە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئابىدە تىكلەپ مەشئەل يېقىپ بېرىشىمىز ئۈچۈندۇر. شۇ ۋەجىدىن مەن ماقال - تەمسىللەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك ئەمگەك دەپ قارايمەن.

دوللار، ئالتايغا 50 مىليون دوللار تەقسىملەندى. زايومغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ، دىرى ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ بەش يىلدا تولۇق قايتۇرۇپ بولۇنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1945 - يىلى 9 - ئايدىن 1946 - يىلى 3 - ئايغىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىۋاتقان پۇلىغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى تامغا بېسىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇ پۇلنىڭ قايتا ئېقىپ كىرىشىنى چەكلىدى.

1945-يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىنى مالىيەدىن ئايرىپ تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، 1945-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۆزىنىڭ بانكىسىنى رەسمىي قۇردى. ھۈسەيىن مۇراتوۋ بانكا باشلىقى، ئەكرەمخان مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. تارباغاتاي، ئالتايلاردا شۆبە بانكىلار قۇرۇلدى. 1946 - يىلى 2 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، سودا - سانائەتكە قەرز پۇل تارقىتىش، ئامانەت پۇل جەلپ قىلىش، پېرېۋوت بېجىرىش ھەمدە ئامانەت - قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ قەرز پۇل مۇددىتى قاتارلىق تۆرلۈك قائىدە تۈزۈملەرنى تۈزدى.

يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ قەرەلىنى تۆت ئايدىن سەككىز ئايغىچە، ئايلىق ئۆسۈمنى 15‰؛ چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ قەرەلىنى تۆت ئايدىن سەككىز ئايغىچە، ئايلىق ئۆسۈمنى 20‰؛ قول سانائەت قەرز پۇلىنىڭ قەرەلىنى ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە، ئايلىق ئۆسۈمنى 20‰؛ سودا قەرز پۇلىنىڭ قەرەلىنى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە، ئايلىق ئۆسۈمنى 25‰؛ قەرەلسىز ئامانەتنىڭ يىللىق ئۆسۈمنى 3.0‰؛ قەرەللىك ئامانەتنىڭ يىللىق ئۆسۈمنى 0.5‰ قىلىپ بېكىتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى تارقىتىدىغان قەرز پۇلنى قەرز پۇل تارقىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. قەرز پۇل ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋاققاس ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ساۋۇرجان، ھۈسەيىن مۇراتوۋ، مۇھەممەت ھاجى، ھەسەنەم پالتايېۋ، سېيىت مۇھەممەت، كاتىنىپۇدىن ئىبارەت سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئومۇمەن قەرز

ھاقارەتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى، بولۇپمۇ تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار بۇ خىل زىيانكەشلىككە چىداپ تۇرالماي، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى مەخپىي قۇرۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى.

1944 - يىلى 8 - ئايدا شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەندى. 9 - ئايدا، يىللاردىن بېرى توپلىغان نۇرغۇن ئالتۇن - كۆمۈش بېزەكلەرنى ۋە زىخچە ئالتۇن، كېسەك ئالتۇن، يامبۇ ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى 32 ماشىنىغا بېسىپ چۈگچىگىغا توشىدى، ئۆزى ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۇرۇپ كەتتى. ۋۇجوڭشىن شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ئۆلكە رەئىسى بولدى. مىللىي زۇلۇم يەنە داۋاملىشىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى، 12 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما شەھەر رايونىنى ئىگىلىدى. شۇ كۈنى "ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مەركىزى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ بارلىق مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، 1945 - يىلى 1 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بانكىسىنى قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مىنىستىرلىقى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھەسەنەم پالتايېۋ دىرېكتور، ھۇسەيىن مۇراتوۋ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ بانكا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكىنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل تارقىتىش مەركىزىگە ئايلاندى. قەرەللىك چەك بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلى تەڭ قىممەتتە بىللە ئوبوروت قىلىنىپ تۇردى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا غالىبىيەت زايومى تارقىتىلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 300 مىليون

كونى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبە بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## تىجارەت بانكىسى

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئابدۇرۇپ ئىبراھىموۋ دىرېكتور بولدى.

تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسى سابىق "ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بانكىسى"نىڭ تۆرلۈك فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ پېرېۋوت قىلغان ۋە بۇيرۇغان پۇللىرىنى بېجىردى، بۇ پۇللار ئاساسلىقى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن تۆرلۈك ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ خىراجىتىدىن ئىبارەت.

1949 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سابىق "ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بانكىسى" ساقلاۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق ماددىي بۇيۇملار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن "باھاغا سۇندۇرۇش كومىتېتى" قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئەزالىرى مۇھەممەت قۇربان ئاخۇن، مۇھەممەت قۇربان سادىروۋ، ئېلى جېلىلېۋ، ئابدۇخالىق ئابدۇۋەلى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن "ئۆتكۈزۈپ بېرىش كومىتېتى" قۇرۇلدى، بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ھۆسەيىن مۇراتوۋ، مۇھەممەت قۇربان، ئېلاخۇن، ئابدۇللاھەق، ئابدۇرۇپ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. باھاغا سۇندۇرۇش

ئالغۇچىلارغا ئىككى كىشى كېپىللىك قىلىش، ئەگەر قەرز پۇل ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرالمىسا، كېپىللىك قىلغۇچى تۆلەپ قايتۇرۇش شەرت قىلىندى. قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇلغا ھەسسىلەپ ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىندى. رەنە ھېسابىدىكى قەرز پۇلغا قارىتا، قەرز ئالغۇچى ئالدى بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ياكى قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى رەنىگە قويغاندىن كېيىن، بانكا رەنە ئالغان بۇيۇم قىممىتىنىڭ %50 بويىچە قەرز پۇل تارقاتتى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى توشۇپ قايتۇرالمىسا، بانكا رەنىگە ئالغان بۇيۇمنى سېتىپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاشقان قىسمىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى. بانكا رەنە قويغۇچىدىن رەنە بۇيۇمنى ساقلاپ بەرگەن مەزگىلگە ھېسابلاپ ساقلاش ھەققى ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ئۆز تەۋەلىكى ئىچىدە تېلېگرام پېرېۋوت كەسپىنى بېجىردى، پېرېۋوت ھەققى %2 بولدى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسىنىڭ دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 15مىڭ دوللار قەرەللىك چەك، باش كاسسىر، ناھىيە دەرىجىلىك بانكا دىرېكتورلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 7000 دوللار قەرەللىك چەك، ھېساب خاتىرىلىگۈچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك كاسسىرنىڭ ئايلىق مائاشى 5000 دوللار قەرەللىك چەك بولدى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە 150 كىلومېتىرلا كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. گومىنداڭ تېزدىن زور قوشۇننى شەرقىي قىرغاقنى قوغداشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى. بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە تولۇق دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك بەردى. 1946- يىلى 7- ئاينىڭ 1-

ئالدى، چەكنىڭ سومىسىمۇ ۋە تارقىتىش مىقدارىمۇ كۆپەيتىلدى.

1947 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئابدۇرۇپ ئىبراھىموۋنى بانكىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، مەنسۇر رومىيېۋنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە تىجارەت بانكىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك تىجارەت بانكىسى شەخسىلەر ئامانەت - قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ بانكىدا قويغان ئامانەت قالدۇقى 1948 - يىلى يىل ئاخىرىدا 1 مىليارد 748 مىليون 760 مىڭ يۈەن، 1949 - يىلى يىل ئاخىرىدا 1 مىليارد 748 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولغان؛ يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە بەرگەن قەرز پۇل 1948 - يىلى 22 مىليارد 223 مىليون 910 مىڭ يۈەن، 1949 - يىلى 52 مىليارد 266 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولغان.

1948 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە بانكا دىرېكتورىنىڭ ئايلىق مائاشى 525 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1946 - يىلدىكىدىن 35 ھەسسە، ھېساب خاتىرىلىگۈچىنىڭ 222 مىڭ دوللارغا يېتىپ 44.4 ھەسسە، قارا خىزمەتچىنىڭ 75 مىڭ دوللارغا يېتىپ 21 ھەسسىدىن ئارتۇقراق ئاشقان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىن لەنتىڭ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ دىڭخەنلەر ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مالىيە - ئىقتىساد باشقارمىسىدا يىغىن ئېچىپ، پۇل تۈزۈمى ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە كېڭىشىپ، كونكرېت قارار چىقاردى. قارارنىڭ ئاساسلىق

كومىتېتى باھاغا سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش كومىتېتى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى بېجىردى. بۇ ماددىي بۇيۇملارنى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى ئابدۇروپ ئىبراھىموۋ، مۇئاۋىن دىرېكتورى ئابلاجان، بوغالتىر سادىق مىلىكوۋ، كاسسىر ئىمنىبەگ ھاجى قاتارلىق كىشلەر تاپشۇرۇۋالدى. تاپشۇرۇپ بېرىلگەن قىممەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە چەت ئەل تىللاسى، ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، كۈمۈش تەڭگە، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، مەرۋايىت، ئالماس، ئامېرىكا دوللىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنى باھاغا سۇندۇرغاندا 35 مىليون 271 مىڭ دوللار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاينىڭ كېپەك ئالتۇنى 245 سەر سەككىز مىسقال ئالتە يېرىم پۇڭ. بۇنى باھاغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 12 مىليون 47 مىڭ 385 دوللار بولۇپ، ھەر سېرى 49 مىڭ دوللارغا سۇندۇرۇلدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەرەللىك چەك تارقىتىلىشتىن توختىتىلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت چىقىم قىلىپ بەردى. تارباغاتاي ۋە ئالتاينىڭ خىراجىتىنى ئىلىدىن ئاغدۇرۇپ بېرىپ تۇردى.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا قارىماي، مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسابەگنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەپ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى زورمۇزور خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەسئۇدنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئەگىشىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۆلۈنۈشكە يۈزلەندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىدىغان خىراجەتنى توختاتتى. ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چەك تارقىتىشنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا تارقىتىلغان قەرەللىك چەكنىڭ نامى "ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ قەرەللىك چېكى" دەپ

ەزگىلدە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە خەلقنىڭ ەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ىلى شۆبىسى قەرەللىك چەك تارقىتىپ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە وبوروت قىلغانىدى، ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ەرەپلەرنى ئورتاق بىرلىككە كەلتۈردى. ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىنىڭ قولايلىق، ودىسىنىڭ توسالغۇسىز بولۇشى، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ەلقىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىمىز ۆرۈمچى، ئىلىدىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ مال باھاسى ئۆلچىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان بىر كۈمۈش دوللار پۇلنى ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان 1250 دوللار قەرەللىك چەككە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنى بەلگىلىدى ھەمدە مۇشۇ سان ئىككى خىل پۇلنىڭ مۇقىم سېلىشتۇرما باھاسى قىلىندى. 1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆلكىمىز ئىچىدە تەڭلا ئوبوروت قىلىندۇ. ئومۇمەن ھۆكۈمەت ۋە شەخسىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق پۇل مۇئامىلە ئېلىم - بېرىم، سودا - سېتىق ۋە باج تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردا ئىككى خىل پۇل يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سېلىشتۇرما باھاغا ئاساسەن، ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىردەك قانۇنىي كۈچكە ئىگە، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىشلىتىشنى رەت قىلىشىغا ياكى باھاسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشىگە بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ. بارلىق ئارمىيە، خەلقنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى، ھەممەيلەننىڭ رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز."

ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

"سابىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە تارقاتقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ 1250 دوللار قەرەللىك چېكىنى ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان بىر كۈمۈش دوللارغا

مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۈچ ۋىلايەت، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆلكىنىڭ خەلق پۇلى تارقىتىلىشتىن ئىلگىرى، سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان قەرەللىك چەك بىلەن يەتتە ۋىلايەتتە تارقىتىلغان كۈمۈش دوللار پۇلى ئالدى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا مۇقىم سېلىشتۇرما باھادا تەڭ ئوبوروت قىلىندۇ.

(2) سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان قەرەللىك چەكنى بۇرغۇنچى ئۇنسۇرلارنىڭ يالغاندىن ياساپ، خەلققە ۋە ھۆكۈمەتكە زىيان كەلتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەڭ ئوبوروت قىلىنىش مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چەك تارقىتىشنى توختىتىش ھەمدە ئىمكانقەدەر ئالدىن يىغىۋېلىش، پرىنسىپ جەھەتتىن قايتا چىقارماسلىق، بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىملىرىدا ۋاقىتنچە كۈمۈش دوللار پۇلنى ئىشلىتىش، خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى خىل پۇلنى ئوبوروتتىن توختىتىپ، تەدرىجىي يىغىۋېلىش.

(3) ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى رايونىدا 1950 يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى 16 تۈرلۈك ماددىي بۇيۇمنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىغا ئاساسەن، ئىككى خىل پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ مۇقىم باھاسى ھېسابلاپ چىقىرىلدى. نەتىجىدە ئۆلكىنىڭ بىر دوللار كۈمۈش پۇلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1558 دوللار قەرەللىك چېكىگە باراۋەر قىلىندى. ھېسابلاشقا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن 1250 : 1 بويىچە ھېسابلاشقا ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى.

يۇقىرىقى قارارنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى گاۋ جىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزىلەر 1950 - يىلى ئىككى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى.

1. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

"ئۆلكىمىزدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان

ـقەت كۆمۈش دوللار پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىغىلا يول قويۇلدى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە ـقىرىقى يىغىندا تۆۋەندىكىدەك كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

(1) ئۈچ ۋىلايەت تىجارەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ـندى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر بانكا قىلىش، نامىنى ۋاقىتىنچە "شىنجاڭ ـۆلكىلىك بانكىنىڭ xx شۆبە بانكىسى" دەپ ئاتاش، ناھىيىلەرمۇ مۇشۇ ـرىنسىپقا ئاساسەن بىرلەشتۈرۈش، ناۋادا يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياكى ـجارەت بانكىسىدىن ئىبارەت بىرلا ئاپپارات تەسىس قىلىنسا، ئۇنى ـاۋاملىق ساقلاپ قېلىپ، نامىنى "شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ xx ـاھىيىلىك تارماق بانكىسى" غا ئۆزگەرتىش، خىزمەتلەرنى يەنىلا شۆبە ـيانكىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇش لازىم.

(2) شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورىنى باش بانكا تەيىنلەيدۇ. ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ دىرېكتورىنى شۆبە بانكا كۆرسەتكەندىن كېيىن، باش بانكا تەستىقلاپ تەيىنلەيدۇ. ھازىرچە خىزمەتلەرگە يەنىلا ئىلگىرىكى دىرېكتورلار مەسئۇل بولۇپ تۇرىدۇ.

(3) ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتتىن خادىملارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆلكىلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى بىلەن خەلق بانكىسى قوشۇۋېتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. قالغان ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ مۇۋاپىق يۆتكەپ تەڭشەپ ئۆزئارا سەپلىنىدۇ.

(4) شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى خەلق بانكىسىغا رەسمىي قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكىلارنىڭ نامىمۇ خەلق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ.

(5) ئۈچ ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك بانكىسى تىجارەت بانكىسى بىلەن قوشۇۋېتىلگەندە، مەبلەغدىكى خەلقنىڭ پاي قىسمىنى قايتۇرۇش ياكى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا ئاغدۇرۇش قاتارلىق بىر تەرەپ قىلىنغان ئەھۋالنى ۋە ئەمەلىي مۈلۈك قەرزدارلىقىنى باش بانكىغا ۋە ئۆلكىلىك

سوْندۇروُپ ھېسابلاشىنى ۋە تەڭلا ئوبوروت قىلىشنى ھۆكۈمسىز بەلگىلىگەن ۋە كەسپىي تىجارەت ئېلانى تارقىتىپ ھەممەيلەننى خەۋەردار قىلغاندى ھەمدە ئۆلكىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قەرەللىك چەكنى يۇقىرىقى سېلىشتۇرما باھا بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىۋېلىپ، قايتا چىقارمىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا مۇتلەق كۆپ قىسمى يىغىۋېلىنىپ ئاز بىر قىسمىلا خەلق ئارىسىدا ئوبوروت قىلىنىۋېتىپتۇ، بۇمۇ پات ئارىدا يىغىۋېلىندۇ. قەرەللىك چېكى بار ئاز ساندىكى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالماشتۇرۇپ بېرىش مۇددىتىنى مۇشۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىپ بېرىشنى ئالاھىدە بېكىتتۇق. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە تېگىشىپ بېرىلمەيدۇ. قەرەللىك چېكى بار خەلقنىڭ زىيان تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە دەرھال ئۆز ئورنىدىكى خەلق بانكىسىغا بېرىپ پۇلنى تېگىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز، كېچىككۈچىلەرنىڭ زىيىنى ئۆزىگە، ۋاقىپ بولغايسىزلەر.»

1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىلى شۆبە بانكىسى ئىلى «يېڭى يول گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىدا قەرەللىك چەكنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ دەرھال بانكىغا كېلىپ قەرەللىك چەكنى تېگىشىۋېلىشى توغرىسىدا ئېلان چىقاردى.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا پۇل پېرېۋوت قىلىش يولغا قويۇلدى. پېرېۋوت ھەققى ئۇرۇمچىدىن ئىلىغا پېرېۋوت قىلىنسا 3%، ئىلىدىن ئۇرۇمچىگە پېرېۋوت قىلىنسا 1.5% قىلىپ بەلگىلەندى. ئۈچ ۋىلايەتتە 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە جەمئىي 39 مىليارد دوللار قەرەللىك چەك تارقىتىلغاندى، 1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بۇنىڭدىن 36 مىليارد 800 مىليون دوللار قەرەللىك چەك يىغىۋېلىنىپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 94.36% كە يەتتى. شۇنداق قىلىپ قەرەللىك چەكنى يىغىۋېلىش خىزمىتى 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. 1951 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا

ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى. مەركىزىي يېڭى ئىگىلىك — بانكا "باش
بانكا" غۇلجا شەھرىدە تەسىس قىلىندى؛ تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە
شۆبە بانكىلار قۇرۇلدى. زۆرۈر تېپىلغاندا ھەرقايسى شەھەر ۋە چوڭراق
ھېيلەرمۇ يېڭى ئىگىلىك بانكىسى قۇرسا بولىدۇ.

ئىككىنچى باب مەبلەغ:

2 ـ ماددا: يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلىغى ئىلى ۋىلايىتى 350
مىليون دوللار، تارباغاتاي ۋىلايىتى 100 مىليون دوللار، ئالتاي ۋىلايىتى
50 مىليون دوللار چىقىرىش ئارقىلىق توپلىنىدۇ.

3 ـ ماددا: يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك مەبلەغدىن 50 مىليون دوللار
زاپاس مەبلەغ ئورنىدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بانكا مەبلىغىنى ھۆكۈمەت
ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتىگە چىقىم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

4 ـ ماددا: زاپاس مەبلەغنى ئازايتىشقىمۇ، كۆپەيتىشكىمۇ بولمايدۇ.
بانكىدا زىيان كۆرۈلۈپ، مەبلەغ ئوبوروتى راۋان بولمىغاندا زاپاس
مەبلەغنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. پايدا كۆرگەندە زاپاس مەبلەغنى تولۇقلاپ
قويۇش كېرەك.

ئۈچىنچى باب ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى:

5 ـ ماددا: يېڭى ئىگىلىك بانكىسى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ
بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋالىي نازارەت قىلىدۇ.

6 ـ ماددا: يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرى مەزكۇر
بانكىنىڭ كېڭەش يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار قىلىنىدۇ. كېڭەش
يىغىنى تۆۋەندىكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىدۇ:

1) مەركىزىي بوغالتىر بۆلۈمى ۋە باش بوغالتىر؛

2) نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بۆلۈمى؛

3) كرېدىت ھېسابات بۆلۈمى؛

4) خوجىلىق بۆلۈم؛

5) ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەكىلى.

7 ـ ماددا: كېڭەش يىغىنىنىڭ ئەزالىرى يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ

مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

( 6 ) بانكىلار قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن شۆبە بانكىلارنىڭ كەسپى مەبلىغى ھەققىدە شۆبە بانكا كەسپى ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، باش بانكا تەستىقلاپ چوشۇرۇپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىلى شۆبە بانكىسى 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئۆلكىنىڭ كۈمۈش دوللار پۇلنى ھېسابات بىرلىكى قىلدى.

ئىلى تىجارەت بانكىسى بىلەن يېڭى ئىگىلىك بانكىسى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا رەسمىي قوشۇۋېتىلدى.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق كەسپ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو خەلق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

## يېڭى ئىگىلىك بانكىسى

1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يېڭى ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭى ئىگىلىك بانكىسى رەسمىي قۇرۇلدى ۋە توققۇز ماددىلىق تەشكىلىي نىزامنامە تۈزۈلدى، بۇنىڭ تولۇق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باب مەقسەت:

1 ـ ماددا: يېڭى ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى ئارقىلىق، يېڭى

12 ) كېڭەش يىغىن ئەزالىرىغا ھەق، مۇكاپات بېرىلمەيدۇ؛

13 ) ئالتە ئەزانىڭ تۆتى يىغىنغا قاتناشسا يىغىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛

14 ) ۋىلايەتلەردىكى شۆبە بانكىلاردىمۇ كېڭەش يىغىنى تەسىس قىلىندۇ، ئۇلار مەركىزىي يېزا ئىگىلىك بانكىسى كېڭەش يىغىنىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ؛

15 ) كېڭەش يىغىنىنىڭ رەئىسى ئۆلۈپ كېتىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغاندا، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرىدۇ؛

16 ) كېڭەش يىغىنىنىڭ تەكلىپلىرى قول كۆتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

1946 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە غۇلجا، سۈيدۈڭ، چاپچال، توققۇزتارا، قورغاس، نىلقا، تېكەس، جىڭ (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ قاتارلىق ئۈچ ئورۇن ئىلى ۋىلايىتىگە قارايتتى )لاردا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا، جېمىنەي، بۇرچىن ناھىيىلىرىدىمۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقلۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 12 ناھىيىدە ئاشلىق پونكىتى قۇردى. بەزى ناھىيىلەردىكى نوقتىلىق يېزىلاردا شۆبە ئاشلىق پونكىتى قۇردى.

دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ۋە ئورمانچىلىق مەزگىلىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتى قۇردى؛ دېھقانلارنى زۆرۈر بولغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەمدە چەت ئەلگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىپ توشۇش، چەت ئەلدىن ماشىنا زاكاس قىلىش - سېتىۋېلىش ئۈچۈن ترانسپورت بېكىتى تەسىس قىلدى؛ دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا

دىرېكتورى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى، قورۇلۇش بۆلۈم ۋەكىلى، تىجارەت بانكىسىنىڭ ۋەكىلى، دېھقانلار ۋەكىلى، چارۋىچىلار ۋەكىلى بولۇپ، جەمئىي ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

9 ـ ماددا: كېڭەش يىغىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ھوقۇقى:

1) مەزكۇر بانكىنىڭ يىللىق خام چوتى ۋە شتاتىنى بەلگىلەيدۇ؛

2) مەزكۇر بانكىنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىشىنى قارار قىلىدۇ؛

3) مەزكۇر بانكىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ۋە غەيرىي مۇقىم مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېلىشىنى قارار قىلىدۇ؛

4) قەرز پۇللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، قەرەلى توشقان بولىسمۇ، قايتۇرمىغانلار ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنۇش ھەم يىغىۋالغىلى بولمايدىغان قەرز پۇللارنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

5) مەزكۇر بانكىنىڭ ھەر يىللىق ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ؛

6) خام چوت كومىتېتى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛

7) مەزكۇر بانكىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىدۇ؛

8) كېڭەش يىغىنىنى ھەرئايدا بىر قېتىم چاقىرىش، شۇنداقلا ۋالىينىڭ بۇيرۇقى ياكى دىرېكتورنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، خالىغان ۋاقىتتا چاقىرىدۇ؛

9) كېڭەش يىغىنى بانكىنىڭ دىرېكتورى ياكى مۇئاۋىن دىرېكتورىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە ۋالىيغا تەكلىپ سۇنىدۇ؛

10) كېڭەش يىغىنى بانكىنى پىچەتلەپ تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ؛

11) كېڭەش يىغىنى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلىنىدۇ؛

يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1946 ــ يىلى دەسلەپ قۇرۇلغاندا، مالىيىدىن 227 مىڭ دوللار مەبلەغنى ئالدىن قەرز ئالدى. 1947 ــ يىلى يەنە مالىيىدىن 53 مىڭ دوللار، 1948 ــ يىلى 219 مىڭ دوللار، 1949 ــ يىلى 112 مىڭ دوللار قەرز ئېلىپ، تۆت يىلدا جەمئىي 611 مىڭ دوللار قەرز ئالدى.

يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىدا تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنمىدى، تىجارەت بانكىسىدا مۇئامىلە ھېساباتى تۇرغۇزۇلدى؛ قەرز پۇل كەسپى تىجارەت بانكىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىندى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ بانكا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەبلەغ، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق ماشىنا ــ سايمانلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئاشلىق بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى قوغداش، مەھسۇلاتلارنى چەتكە ئېكسپورت قىلىپ كۆندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىغا تېگىشىپ كېلىپ، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭشەش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغان تۆت يىل ئىچىدە دېھقانلارنى 5 مىليون 966 مىڭ 780 كىلوگرام بۇغداي، 1 مىليون 26 مىڭ 219 كىلوگرام قارا ئاشلىق، 64 مىڭ 882 كىلوگرام ياغلىق دان بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاۋۋالقى ۋاقىتلاردا دېھقانلارغا تارقاتقان قەرز دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگمەستىن بەلكى ئوتتۇرا يولدا يومپىشىپ، باي دېھقانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. كېيىن بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا، بولۇپمۇ مالىيە ساھەسىدە ئىشلىگۈچىلەردە قەرزنى تۆلىيەلەيدىغانلارغا بېرىش كېرەك، دېگەن پىكىر بىلەن، قول ئىچىگە ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنى سەزگەندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇردى، يىغىن ئېچىپ تەنقىدلەش، قارار قىلىش،

تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى؛ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدا ئۆلگىلىك يېزا پونكىتى تەسىس قىلدى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەتتا تاشقى سودا بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.

ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئېلىمىز سودا بانكىلىرىدا يولغا قويۇش تەكىتلىنىۋاتقان، چەت ئەل سودا بانكىلىرىنىڭ «مۇئامىلىدارلار دىرېكتورى تۈزۈمى» نىڭ بىزگە بەرگەن بېشارىتى مۇنداق: "مۇئامىلىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا دىققەت قىلىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش كېرەك. سودا بانكىسى ئۆزىنىڭ پايدىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىشنى تىجارەت نىشانى قىلىدۇ. بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن بازارغا، مۇئامىلىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. بازارنىڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇخىل بولغانلىقتىن ئۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە سودا بانكىسىدىن مۇئامىلىدارنى كۆپ خىل، كۆپ ئىقتىدارلىق، كۆپ قاتلاملىق پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى؛ سۇبيېكتىپ جەھەتتە كەسىپ ساھەسىنى زور كۆلەمدە ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. مۇئامىلىدارلار دىرېكتورى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كارخانا بىلەن بانكىنىڭ، شەخسىلەر بىلەن بانكىنىڭ، ئاخىرىدا جەمئىيەت بىلەن بانكىنىڭ يېڭى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تىكلەش ــ كەڭ مۇئامىلىدارلارنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئېھتىياجىنى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈندۇر."

دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، غەرب ئەللىرى سودا بانكىلىرى يېقىنقى يىللاردىلا يولغا قويغان، ئېلىمىز سودا بانكىلىرى ئەمدىلا يولغا قويۇشنى تەكىتلەۋاتقان «مۇئامىلىدارلار دىرېكتورى تۈزۈمى»نى بۈگۈنكىدىن ئەللىك يىل بۇرۇن تونۇپ يەتكەن ۋە يولغا قويۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

تارقىتىپ بېرىلىپ، پىلىچىلىك ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى.

تۆت يىل ئىچىدە 6263 دانە چوڭ ـ كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمىنى سېتىۋېلىندى، يەنە دېھقان، چارۋىچىلارغا 340 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ئىجارىگە بېرىلدى.

تۆت يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئېكسپورت قىلغان ماددىي ئەشيا تۆۋەندىكىدەك:

بۇغداي 20 مىڭ تونىنا، قوي 12 مىڭ تۇياق، كالا 13 مىڭ تۇياق، قوي يۇڭى 170 تونىنا، تېرە 12 مىڭ پارچە.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە شەھەر، يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى. پەقەت 1948 ـ يىلى 51 مىليون 461 مىڭ 750 دوللار ئوبوروت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە نۇرغۇن مەبلەغنى تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقسىز بېرىپ تۇردى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەر يىلى پايدىدىن نىسبەت ئاجرىتىپ مالىيىگە تاپشۇردى. 1947 ـ يىلى 74 مىڭ دوللار، 1948 ـ يىلى 95 مىڭ دوللار، 1949 ـ يىلى 80 مىڭ دوللار، جەمئىي 249 مىڭ دوللار پايدا تاپشۇردى.

1950 ـ يىلغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 15 نەپەرگە يەتتى. دىرېكتورى ھۆسەيىن مۇراتوۋ، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى ئەخمەتجان خوجا، نۇرغالى جاغبايېۋ ئىدى. بىر باش بوغالتىر، بىر ياردەمچى بوغالتىر، بىر باش كاسسىر، بىر ياردەمچى كاسسىر، بىر ستاتىستىكچى، بىر نەپەر كاتىپ، يەنە ئىككى ئامبارچى، بىر مال ساتقۇچى، بىر زاپخوز، بىر شوپۇر بار ئىدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبە بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ماللار سودا شىركىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بارلىق ئاشلىق جايلاردىكى ئاشلىق

يولىيورۇق بېرىش بىلەن بىرگە، مەسئۇل كادىرلاردىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ناھىيىلىرىگە چۈشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ مەسىلىنى ھەل قىلدى. 1948 - يىلى ئەتىيازدا ئەخمەت ئەپەندىم مەجلىس ئېچىپ، يېڭى قارار چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئالاھىدە تاپشۇرۇق بەردى. شۇ ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقلىرى، مالىيە ئىشلىرى رەھبىرىي كادىرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئەخمەت ئەپەندىم: "قەرزنى قەرز تۆلىيەلمەيدىغانلارغا بېرىش كېرەك. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەپ تۆلىيەلەيدۇ، تۆلىيەلمىسىمۇ مەيلى. تۆلىيەلەيدىغانلار قەرزگە موھتاج ئەمەس" دېگەن مەسىلىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

تۆت يىل ئىچىدە دېھقانلارغا تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: 1946 - يىلى يەر، سۇ قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 31 مىليون 754 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 794 مىڭ 535 كىلوگرام.

1947 - يىلى ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 50 مىليون 680 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 318 مىڭ 724 كىلوگرام؛ پاختىكارلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 5 مىليون 900 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 36 مىڭ 37 كىلوگرام؛ شال تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 500 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 9050 كىلوگرام.

1948 - يىلى ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 567 مىليون 418 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 743 مىڭ 553 كىلوگرام؛ پاختىكارلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 25 مىليون 915 مىڭ دوللار، بۇنى پاختىغا سۇندۇرغاندا 664 كىلوگرام.

1949 - يىلى يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليارد 373 مىليون 881 مىڭ 190 دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 2 مىليون 564 مىڭ 249 كىلوگرام.

بۇنىڭدىن سىرت 1000 قوتا پىلە ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا

# مەنمۇ مۇئەللىم بولسامچۇ!

مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن بۇنداق دېسەم سىز مېنى چاچ - ساقىلى ئاقارغان، قەددى - قامىتى پۈكۈلگەن، چىشلىرى تۆكۈلگەن، قىسقىسى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئاتمىش ياشلىق قېرىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭ. يوقسۇ، مەن 2007 - يىلى 1 - ئايدا ئاپمۇساق 44 ياشتا دەم ئېلىشقا چىقتىم. ئەمدى بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ھە ئۇ ئەقىل - ھوشىدىن قالغان بىر دەلدۈش ۋە ياكى جىسمانىي قۇۋۋىتىدىن ئايرىلغان ئاجىز بولسا كېسەللىك پېنسىيىسگە چىققان مېيىپ بوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالماڭ. مەن قېرىمۇ، مېيىپمۇ ئەمەس. بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەكسىچە ئەقىل - ھوشى جايىدا، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھەممە جەھەتتىن تازا قىرانىغا يەتكەن بىر ئەركەك.

مەن 1962 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدا مەرىپەت تارقاتقۇچى ئائىلىدە تۇغۇلدۇم. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب دادام ئابدۇلھەكىم داموللا ھاجىم 1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسى ۋە ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان نامىغا قۇرۇلغان ھەزرەت سۇلتانىم مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ قاراقاشنىڭ سىزبي كەنتىدىكى قوتاز مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندا يۇرتى قاراسايغا كېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىمامەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئانام ئاجىنساخان ئاتۇشتىكى مەتلى ئەپەندىم ( تەۋپىق )نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بارلىققا كەلگەن يېڭى مائارىپنىڭ تۈرتكىسىدە 1935 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە ئاتۇش سۇنتاغدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش قىزلار سىنىپىدا

ئىدارىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ دېھقانچىلىق سايمانلىرى دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. نەق پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش ھەمدە تۈرلۈك ھەقدارلىق، قەرزدارلىق مۇئامىلىلىرى تىجارەت بانكىسىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنقىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1950 - يىلى 9 - ئايدا تىجارەت بانكىسىغا رەسمىي قوشۇۋېتىلىپ، كەسپىي تىجارەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

———————

پايدىلانغان مەنبەلەر:

(1) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 59 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 1 - نەشرى.

(2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى: «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

(3) سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى.

(4) توختا: «جاللات شېڭ شىسەي»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

(5) زاھىر ساۋدانوۋ: «ماناس دەرياسىدىن قايتىش»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى.

ەزىپە تاپشۇرۇپ ئالمايمەن؛ قول ئاستىمدىكىلەرگە خىزمەت ورۇنلاشتۇرمايمەن؛ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى ۋە ياكى ەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلارنى تەنقىد قىلمايمەن؛ تۆۋەنگە ورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنى سۈيلەپ تېلېفونمۇ قىلمايمەن؛ خىزمەتچىلىرىمنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئۇلارنى ئاقلاپ باشلىقلىرىمنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر ئەمەسمەن؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئۈچۈن ناھەق تەنقىدمۇ ئاڭلىمايمەن؛ يۇقىرىدىن باشلىق كەلسە قورسىقىم ئاچ بولسىمۇ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيەلمەيدىغان سۈنئىي زىياپەتلەرگىمۇ قاتناشمايمەن. دېمەك، پرىنسىپ جەھەتتە مەندە ھازىر بۇرۇنقى بانكا باشلىقى، دىرېكتور دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر يوق، شۇنداقتىمۇ باشقىلار مېنى يەنىلا "ئا خاڭجاڭ"، "ئا جىڭلى" دەپ ئاتاۋاتىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاغزى ئون بىر يىلدىن بېرى شۇنداق چاقىرىپ كۆنۈپ قالغاچقا "كۆنگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ؟" دېگەندەك كۆنگەن ئاغزىنى دەماللىققا ئۆزگەرتەلمەيۋاتقاندۇ ۋە ياكى ئىسمىمنى بىۋاستە چاقىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ كۆڭلۈم ئۈچۈن شۇنداق ئاتاپ قويۇۋاتقاندۇ. ئۇلار مەيلى قانداق مەقسەتتە چاقىرمىسۇن، بىراق مەن ھەر قېتىم ئىسمىمنىڭ ئاخىرىغا يوق ھوقۇقنى قوشۇپ چاقىرغانىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆز-ئۆزۈمدىن خىجىل بولىدىغان، خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم؛ خۇددى بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ قويۇپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك ۋە ياكى ئۇقۇشماسلىقتىن باشقىلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ كوچىغا چىقىسىڭىز دوست-بۇرادەرلىرىڭىز كىيىمىڭىزنى مۇبارەكلىسە، بۇ كىيىمىڭىز سىزگە بەك يارىشىپتۇ، دەپ ماختىسا سىزگە شۇ چاغ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىنگەندەك. دېمەك خىزمەتتىكى ئەمەل ھەرگىزمۇ بىر ئادەمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس.

ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ۋە ياكى ئىسىم - فامىلىسىنىڭ كەينىگە مەڭگۈ قوشۇپ ئاتاشقا بولىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭكىدەك "ئەپەندىم"، "خانىم" دېگەن ھۆرمەت ناملىرىنى بىزمۇ قوللانساق

بىرىيل ئوقۇپ 1941 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئاتۇش سۇنتاغدا، 1950 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1979 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى 3 - قېتىم قايتا قۇرۇلغاندا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قاراقاش ناھىيىلىك تارماق بانكىسىغا كادىر بولۇپ كىردىم. 1984 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىدە، 1993 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇردۇم، شۇ يىللاردا يەنى 1992 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە قاراشلىق ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسىي باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردۇم. 1996 - يىلى 1 - ئايدىن 2002 - يىلى 4 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن شەھەرلىك تارمىقىدا مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىدە مۇئاۋىن مۇدىر، 2002 - يىلى 4 - ئايدىن 2007 - يىلى 1 - ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسىدا خەتەرلىك مۈلۈكلەر بۆلۈمىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى 1 - ئايدا، باش بانكىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنىڭ روھى بويىچە، شۇنداقلا، بانكىمىز تۈزگەن يېشى بىر قەدەر چوڭ، ئىستاژى بىر قەدەر ئۇزۇن، بانكىغا قوشقان تۆھپىسى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولغان، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى ئېتىبار بىلەن ئىچكى قىسمدا دەم ئالدۇرۇش تەدبىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىلتىماس يېزىپ دەم ئېلىشقا چىقتىم.

مەن مەيلى قانداق ئۇسۇل، قانداق سىياسەت بىلەن دەم ئېلىشقا چىقماي، پەقەت خىزمىتىمدىن، ۋەزىپەمدىن ئايرىلغىنىم راست، مەن ھازىر ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئەتىسى قىلىدىغان خىزمەتلەرنى ئويلاپ ياتمايمەن؛ ئەتىگەندە يۇقىرىدىكى باشلىقلىرىمدىن تەكرار - تەكرار

ۋلۇمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، بىز بۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىز ھاكىم دەرىجىلىك ئەمەل كۇرسىدا ولتۇرسىمۇ بىرەر قېتىم "نۇ جۇرېن"، "نۇ بۇجاڭ" دەپ ئاتاپ باقماپتۇق، مۇئەللىملىك ئۇنىڭغا خۇددى ئاتىسىدىن مىراس قالغاندەك ەنىلا "مۇئەللىم" دەپ چاقىرتىۋېرىپتۇق. مانا ھازىرمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا "نۇرمۇھەممەت مۇئەللىم" دەپ چاقىرىۋاتىمىز. پاھ! "نۇرمۇھەممەت مۇئەللىم" نېمىدېگەن يارىشىملىق ئىسىم ـ ھە!؟

«پال قاپىقنىڭ سىرى»، «كانچىنىڭ ئوغلى»، «شېھىت»، «ئالتۇنچى بارماق» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى، پېشقەدەم ژۇرنالىست، خوتەندىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ خالىس پەرۋىشكارى مەتقاسىم ئابدۇراخمان مۇئەللىم 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 1961 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، سابىق ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، ۋىلايەتلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلغان. 1982 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تەھرىرات بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ شۇ يىلى 5 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

خوش، يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك بىز بۇ پەرۋىشكار باغۋەن، مېھنەتكەش مۇھەررىرنى 22 يىل جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ "مەي جۇرېن" دەپ ئاتاپ باقماپتۇق، چوڭ مەشھۇر روزى سايىتتىن كىچىككىنە مەن ئابدۇرەھىم ھەكىمگىچە ھەتتا ۋالىيدىن پۇقراغىچە ھەممىمىز خۇددى پېشىۋالغاندەكلا، يا بولمىسا تەشكىلات بۆلۈمىدىن شۇنداق ئاتاش توغرىسىدا قىزىل باشلىق ھۆججەت تارقاتقاندەكلا "مەتقاسىم مۇئەللىم" دەپ ئاتاپ كەپتۇق. "مۇئەللىم" دېگەن بۇ مەڭگۈلۈك ھۆرمەت نامىنى بۇ مۆتىۋەرنىڭ ئالدىدا ۋاقىتلىق ئەمەل ـ مەنسەپتىن مىڭ مەرتىۋە گۈزەل كۆرۈپتۇق. شۇنىڭ بىلەن "مۇئەللىم" دېگەن بۇ ئاتاق بۇ مۆتىۋەرنىڭ فامىلىسىگە، تەخەللۇسىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مانا ھازىر دەم

بولماسمۇ؟ ئويلاپ باقسام شۇنداق ئاتاش بىزدە پەقەت يوقمۇ ئەمەسكەن. مەسلەن، مېنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا كادىرلار مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى جانابىي مۇھەممەد روزى ھەزرەتلىرى ھەمىشە "ئابدۇرەھىم ئەپەندىم" دەپ چاقىرىدۇ. بىراق بىرلا ئادەمنىڭ شۇنداق ئاتىشى كۇپايە قىلمايدۇ - دە!

ھە، تاپتىم، ئەمدى تاپتىم! بىزدە يەنى بىز خوتەنلىكلەردە خىزمەتتىكى ۋاقتىدىمۇ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىمۇ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ چاقىرىسا خۇددى ئاتا - ئانىسى ئاخۇنۇم چاقىرىپ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان چىللاپ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇپ جامائەتنى گۇۋاھ قىلىپ قويغان ئىسمىدەك ئۆز يارىشىدىغان بىر ئاتاق بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ "مۇئەللىم!"

مەن ئەمدى سىلەرگە يۇقىرىقى سۆزۈمنىڭ دەللىل سۈپىتىدە يىراقتىكىسىنى قويۇپ ئۆزۈمگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان مۇنۇ ئۈچ نەپەر مۆتىۋەرنىڭ ئىسمى - سۈپىتىنى زىكىر قىلىپ ئۆتەي:

«ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر»، «چۆل بالىسى»، «شەھلا كۆز»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا»... قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنى خوتەن دىيارىدا ھەممە ئادەم "نۇرمۇھەممەت توختى مۇئەللىم"، ھەتتا بەزىلەر ئىسمىنى ئاتىمايلا "مۇئەللىم" دەپ چاقىرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى مۇئەللىم 1977 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، 1985 - يىلى 4 - ئايغىچە خوتەن دۆۋا كان رايونى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومدا مۇئەللىم بولغان، 1985 - يىلى 4- ئايدىن 2002 - يىلى 2 - ئايغىچە ۋىلايەتلىك پارتكومدا كاتىپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومدا ئىشخانا مۇدىرى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كەسپىي يازغۇچى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومدا تەشكىلات - تەشۋىقات

كەچمىشلىرىنى بىر قېتىم ئويلاپ، "مەن ھاياتىمدا قايسى ئىشنى توغرا قىپتىمەن، قايسى ئىشنى خاتا قىپتىمەن"، دەپ ئۆتكەن كۈنلىرىدىن بىر قېتىم قىسقىچە يەكۈن چىقىرىدىكەن. قىسقىسى مەن ئەنە شۇنداق قىلدىم، بۇرۇن قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرىمدىن پەخىرلەندىم. قىسمەن ئىشلىرىمدىن ئۆكۈندۈم. بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىكچىلىك يولۇمنى قانداق مېڭىش توغرىسىدا ئۆزۈمگە پرىنسىپ تۇرغۇزدۇم. مانا ھازىر ئۆتكەن كۈنلىرىمدىكى مۇنداق بىر ئىشتىن ئۆكۈنۈۋاتىمەن:

خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1977 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، شاھادەتنامە ئالدىم. بۇنى ئاڭلىغان يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى باقى توختى مۇئەللىم مېنى چاقىرتىپ، ماڭا كۆيۈنگەن ھالدا: "ئۆكام ئابدۇرەھمجان، ئانىڭىز تاجىنسا خانىم ئۆلۈپ كەتتى، دادىڭىز دېھقان يەنە ئۆرلەپ ئوقۇسىڭىزمۇ ئۇرمۇشتا قىينىلىپ قالىسىز، شۇڭا مەن مائارىپ ئىدارىسى بىلەن سۆزلەشتىم، سىزنى دەيكې (سەپلىمە) ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى، سىز يېزىمىزدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئانىڭىزنىڭ ئىزنى بېسىڭ..." دېگەنىدى، مەن باقى توختى مۇئەللىمنىڭ ياخشى كۆڭلىنى سىلىق رەت قىلىپ، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن "قايتا تەربىيە" ئېلىش ئۈچۈن ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا تىزىملىنىپ، 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چېنىقىش ئۈچۈن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ راكىتا گۈڭشېسىغا قاراشلىق قۇچقاچ سۇلۇق دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتىم.

شۇ يىللاردا شەھەر نوپۇسىدىكى ئوقۇغۇچىلار يېزىدا ئىككى يىل چېنىقسا ھۆكۈمەت خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇراتتى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم پەيت كۈتۈپ تۇرۇپ شوپۇر بولۇش ئىدى. چۈنكى مەن كىچىكىمدىن باشلاپ شوپۇرلارغا ھەۋەس قىلاتتىم، شوپۇرلۇققا قىزىقاتتىم. بىراق ئىستەك بۆلەك، قىسمەت يۆلەك بولۇپ چىقتى، 26 ئاي جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن

ئېلىشقا چىقىپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ئەل ـ جامائەتنىڭ ھەممىسى يەنىلا "مەتقاسىم مۇئەللىم" دەپ چاقىرىۋاتىدۇ. دېمەك بىز ئۇنىڭ ئەمەل ـ مەنسىپىنى بۇرۇنمۇ ئاتىمىغان، ھازىرمۇ ئاتىمىدۇق. شۇڭا ئۇ مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالغىنىنى پەقەت ھېس قىلمىدى، بىزمۇ ھەم مەڭگۈ ھېس قىلدۇرمايمىز. "مۇئەللىم" مانا بۇ مەڭگۈلۈك ئاتاق!

«قاراقاشنى چۈشىنەمسىز؟»، «قاراقاش مەدەنىيەت تارىخ ماتېرىياللىرى»، «قاراقاش خەلق داستانلىرى»، «قاراقاش خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، «قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، تۈزگۈچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى پېشقەدەم شائىر، دراماتورگ مەتمىن قۇربان مۇئەللىم 1960 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، 1961 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1961 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قاراقاش ناھىيىسىدىكى قاراساي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلغان.

1963 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتچى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ شۇ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. قاراقاشتىكى قەلەمكەشلەرنىڭ پەرۋىشكارى بولغان بۇ مۆھتەرەم زاتنىمۇ قاراقاشتىكى ئەدىبلەر، زىيالىيلار ھەممىسى بىردەك "مەتمىن قۇربان مۇئەللىم" دەپ ئاتايدۇ. ئەكسىچە ھېچكىم ئۇنى "مەي تۈەنجاڭ"، "مەي گۇەنجاڭ" دەپ چاقىرمايدۇ. دېمەك بۇ زاتنىڭ 30 يىل تۇتقان ئەملىدىن ئۈچ يىل قىلغان مۇئەللىملىكىنىڭ ۋەزنى ئېشىپ كېتىپتۇ. "مۇئەللىم" بۇ ئېمىدېگەن ۋەزنىلىك ئاتاق ـ ھە!

بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەتمىش ـ

# ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى ھەققىدە يۈزەكى پاراڭ

سانائەت كارخانىلىرىمىزنىڭ رولى نوقۇل ھالدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئەمگەكچىلەرنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كارخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشى كۈچلۈك، جەڭگىۋارلىقى ۋە كوللېكتىپىزملىق ئېڭى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا زاۋۇت، كان-كارخانىلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى سەل چاغلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، زاۋۇت، كارخانا دېگەننىڭ يوقىدىن بارى، ناچىرىدىن ئەلاسى، قالاقىدىن ئىلغارى، كىچىكىدىن چوڭى، تارقىقىدىن كۆلەملىشكىنى ياخشى. ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى يېڭىلا بىخ سۈرگەن نوتىغا ئوخشايدۇ. بۇنى ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىپ، ساغلام يېتىلدۈرۈپ مېۋىگە كىرگۈزۈش ۋە مەي باغلاپ پىشقان مېۋىسىدىن ئاۋام-خەلقنى بەھرىمەن قىلىش يالغۇز ئاشۇ كارخانىچىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋىجدانىي بۇرچى. بۇ يازمامنىڭ ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇش، سىجىل ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كارخانىچىلارغا ئاز-تولا پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايمەن.

## ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

1. ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى؛ ئازلىقتىن كۆپەيدى؛

شۇنداق ياخشى تەربىيە ئالغان بولساممۇ، مەن ئارزۇ قىلغان ئۇ شوپۇرلۇق ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئاخىر كادىر بولۇپ قالدىم. بۇ جەرياندا بالىلىقتىكى ھەۋەسىنىڭ ئوتى يەنە يالقۇنجاپ، 1998 - يىلىدىن باشلاپ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ، 2002 - يىلى رەسمىي شوپۇرلۇق پراۋىسىمۇ ئالدىم. ھەتتا شەخسىي ماشىنىمۇ سېتىۋالدىم. 1984 - يىلىدىن باشلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1995 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە «چۈنكى مەن نامەرد»، «سودا بانكىسىغا سەپەر» ناملىق ئىككى پارچە كىتابىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانمۇ بولدى. بىراق دەم ئېلىشقا چىققان بولساممۇ باشقىلار ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا يالغاندىن دەپ قويىدىغان "ئاخاڭجاڭ"، "ئا جىڭلى" دېگەن قۇرۇق ئاتاقتىن تېخى قۇتۇلالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئۇستازلاردەك كىشىگە ھەققىي ھۆرمەت ئاتا قىلىدىغان "مۇئەللىم" دېگەن نامغا ھەرگىز ئېرىشەلمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ نامغا ئەبەدىي ئېرىشەلمەيمەن. چۈنكى ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ مۇنبەرگە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغان ئادەمنى كىممۇ "مۇئەللىم" دېسۇن؟!

دېمەك، مېنىڭ ھازىر بىردىنبىر ئۆكۈنىدىغىنىم، پۇشايمان قىلىدىغىنىم، ئەپسۇسلىنىدىغىنىم ئۆز ۋاقتىدا باقى توختى مۇدىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر نەچچە يىل بولسىمۇ مۇئەللىم بولسام بولۇپتىكەن، ئىسىت!

قىلغان ئۇزۇقلۇق تالقانلىرى، ھەر خىل تاتلىق-تۈرۈم ۋە تەييار چۆپلەر، «سىراج» ۋە «ماي گۈلى» پولۇسىنى مەركەز قىلغان زەنجىرسىمان تېز تاماقخانا ۋە رېستورانلار، «ئابلاجان نانلىرى»نى مەركەز قىلغان ھەر خىل ماركىدىكى نان-توقاچلار، «ئابىدە»نى مەركەز قىلغان ھەر خىل ئىچىملىكلەر، «ئېھسان»نى مەركەز قىلغان مايلار، «زەرەپشان»نى مەركەز قىلغان چايلار؛ ئىككىنچى، «سۇلتان»نى مەركەز قىلغان سوپۇنچىلىق ۋە گىرىم بۇيۇملىرى، يەنى ھەر خىل ماركىدىكى چاچ سوپۇنى، يۈز سوپۇنى، بەدەن سوپۇنى، چىش پاستىسى، لەۋ سۇرۇخ، قاشلىق، سۈرمە، ئەتىر قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچى، «ئىلچى»نى مەركەز قىلغان ھەر خىل ماركىدىكى كىيىم-كېچەك، ئاياغ ۋە دوپپا-تۇماقلار. ئۇنىڭدىن باشقا تېخى كۆلەملەشمىگەن كىچىك تۈرلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىپ تۇرساق بولار.

3. ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ئوينىغان ۋە ئويناۋاتقان رولى

يۇقىرىقىدەك ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ئارقىمۇ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىش باشلىشى، يالغۇز كارخانا ئىگىلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە ئىستېمالچىلار ئۈچۈنمۇ پايدا-مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى جەمئىيەتتىكى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئىشسىزلارنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى بىر كىشىلىك "تاماق قاچىسى"غا ئىگە قىلدى. گەرچە بۇ خىل ئەرزان ئىشلەمچىلەر يۇقىراۋى كارخانىلاردا بىر ئۆمۈر ئىشلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھازىرچە كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق، ۋاقتىنچە غېمى يوق. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى باش قېتىنچىلىقى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىدى. ئىككىنچىدىن، مەھسۇلات ئۆز يېرىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۆز يېرىمىزدە ئىستېمال قىلىنغان بولغاچقا تاۋارنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. بۇ ھال ئىستېمالچىلارغا ئازراق بولسىمۇ نەپ يەتكۈزدى. بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، بازار ئاۋاتلاشتى، سودا جانلاندى.

ئاجىزلىقتىن زورايدى؛ ئاددىيلىقتىن تەرەققىي قىلدى. نەتىجىدە «ئارمان»، «ئىخلاس»قا ئوخشاش كۆلەم جەھەتتە گۇرۇھلاشقان، تىجارەتتە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن سەركە كارخانىلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل گۈللىنىشنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى، رادىئو دولقۇنلىرىدىكى ۋە گېزىت-ژۇرناللاردىكى ئېلانلارغا ھەمدە تاللا بازارلىرىنىڭ پەشتاختىلىرىدىكى ماللارنىڭ موللىقىغا بىر قاراپلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق كارخانىلارنىڭ بەس-بەستە مەيدانغا كېلىشى، بىر تەرەپتىن ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزغا بولغان ماددىي ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇمىز ۋە مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئاشۇردى.

بىزگە ئوخشاش تارىختىن بېرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەن، ھەتتا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدە ھۆكۈمەت قانداق تاۋار بىلەن قانچىلىك تەمىنلىسە شۇنى ئىستېمال قىلىدىغان، ئىستېمال ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەس، بەلكى تەمىنلەش ئىستېمالنى بەلگىلەيدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئاستىدا "بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن" دەپ ياشاۋاتقان مىللەتتىن مۇشۇنداق قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدە بىر سەكرەپلا قايناق بازارغا چۈشەلەيدىغان، كەسكىن رىقابەتكە كۆكرەك كېرىپ تىك تۇرالايدىغان شىر يۈرەك، "تەۋەككۈلچى" كارخانىچىلارنىڭ چىققانلىقىنى چەكسىز ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىمەن ھەمدە بارچىمىز شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز، دەپ قارايمەن.

2. ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، رويخەتكە ئالدۇرغان ماركىسى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەر خىل ۋە سەرخىللىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئىشلەپچىقىش نىشانى، كەسپ قۇرۇلمىسى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگىلا مەركەزلىشىپ قالدى.

بىرىنچى، يېمەك-ئىچمەك، يەنى «ئارمان» ۋە «ئىخلاس»نى مەركەز

خىراجىتى مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىگە قوشۇلىدۇ. دېمەك، ئېلانغا كەتكەن تۈمەن-تۈمەن پۇللار يەنىلا ئىستېمالچىلاردىن ئۈندۈرۈلىدۇ. بۇنداق چىقىملارنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى چوڭراق كارخانىلار ئۈستىگە ئالالىغان بىلەن بالا كارخانىلار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزىگە تەقلىد قىلىش. بىر خىل مەھسۇلاتقا ھەر خىل ئىسىم قويۇپ ئىستېمالچىلارنى قايمۇقتۇرۇش. مەسىلەن، "چوڭلار ھەسلى"، "ئاياللار ھەسلى"، "باللار ھەسلى"، "ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ھەسلى"، "نېرۋىنى كۈچلەندۈرۈش ھەسلى"، "چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەسلى"، "چىش ئاقارتىش پاستىسى"، "چىش مىلىكىنى چىڭىتىش پاستىسى"، "ئېغىز پۇراشنى يوقىتىش پاستىسى"، "چىش ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پاستىسى"... دېگەندەك. بۇ گويا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگەرگىنىگە ئوخشايدۇ. لېكىن، ئۇ مىڭ خىل ئۆزگەرسىمۇ يەنىلا شۇ سۈن ۋۇكۇڭ، خالاس!

ئىككىنچى، كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ماركىسى بار، ئۆز مەھسۇلاتى يوق. بۇ دېگىنىمىز، بەزى كارخانىلار بىر خىل ماركىنى ئويلاپ چىقىپ ئۇنى رويخەتكە ئالدۇرىدۇ. ئاندىن شۇ ماركىدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئىچكىردىكى بازىرى تازا ياخشى بولماي خېرىدار كۈتۈۋاتقان بىرەر كارخانا ياكى زاۋۇتقا ھاۋالە قىلىپ ئىشلەتكۈزۈپ، ئۇنى ئەكېلىپ داڭلاپ سېتىۋاتىدۇ. بۇ خىلدىكى كارخانىلارنىڭ ھەرگىزمۇ تەرەققىيات ئىستىقبالى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرى، بۇيرۇتما مەھسۇلات ئىشلىگەن كارخانا باشقىلارنىڭ ماركىسىدا ئىشلىگەن مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆز ماركىسىدىكى مەھسۇلاتنىڭكىدەك ياخشى ئىشلىشى ناتايىن. چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ ۋاقىتلىق خېرىدار، ئۆز ماركىسىنىڭ بولسا مەڭگۈلۈك كوزۇر ۋە كارخانىسىنىڭ ھاياتى ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان بىلىدۇ. يەنە بىرى، مەھسۇلاتنىڭ ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشىگە سىزنىڭ شىركىتىڭىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادرېسىنى يازغان بىلەن، خەنزۇچە چۈشەندۈرۈشىگە ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئادرېسىنى ۋە تېلېفون

ئۈچىنچىدىن، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىشلەپچىقارغان خام ئەشيانىڭ سېتىلىشى تېزلەشتى، باھاسى ئۆستى. بۇنىڭ بىلەن چەت يېزا ۋە تاغلىق رايونلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۆزى ئىشلەپ تاپقانىنى ئۆزلا يەيدىغان، نەرسىنى نەرسىگە تېگىشىپ ئىستېمال قىلىدىغان ئىپتىدائىي تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ غورىگىل تۇرمۇشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، تېزراق ئەتلىنىشۈپلىشى ئۈچۈن بىر چىغىر يول ئېچىلدى. تۆتىنچىدىن، پۇل تاپقان كارخانىچىلار ئىچىدىن قانچىلىغان مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىلىرى، مېھرىبان ئانىلار، ساخاۋەتچى ئاتىلار ۋە مېيىپ ـ ئاجىزلارنىڭ غەمگۇزارلىرى بارلىققا كېلىپ، قايسى يۇرتتا ئاپەت بولسا، كىم ياردەمگە موھتاج بولسا ئۇلار شۇ يەردە ھازىر بولدى، شۇلارنىڭ بېشىنى سىلىدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى يەككە ھالەتتە كۆزەتسەك قارىماققا ئادەتتىكى بىر ئېلىم ـ سېتىم ۋە ئاددىيلا خەيرخاھلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق بۇنىڭ ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينايدىغان ئىجابىي رولىنى سەل چاغلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

4. ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىجادچانلىق روھى كەمچىل. دورامچىلىق، تەقلىتچىلىك خاھىشى ئېغىر. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتە كۆرۈلۈۋاتىدۇ: بىرى، باشقىلارنى دوراش. بۇ دېگىنىمىز بىر كارخانا ئۆزۈلۈكىدىن تاللىنىپ ئىشلەپ ئازراق بازار تاپسا باشقىلارمۇ دەرھال شۇنى دوراپ تاللاپ ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماركىسى ھەرخىل، تەركىبى بىر خىل تاللانلار بازارنى قاپلايدۇ. ھەممىسى بازار تالىشىپ، ئۆزىنىڭكىنى كۆپتۈرۈپ ماختاپ ئېلان بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئېلان

ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىرى بەكمۇ ئاز. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلار مالىيىنىڭ ۋە بانكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە تولۇق ئېرىشىپ بولالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن پاي چېكى تۈزۈمىدىكى ھەسسىدارلىق شىركەتلەر ئاز. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئائىلىۋىي كارخانا، شىركەتلەر بىر قەدەر كۆپ، شۇڭا بۇ جەھەتتىن "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس" دېگەندەك ئەھۋال ھامان كۆرۈلىدۇ.

## ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى

1. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە يېڭىدىن كەسىپ تۈرىنى تاللاش جەھەتتە ھەممىز ئاشۇ تاللانچىلىق بىلەن سوپۇنچىلىقتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى تار كوچىغىلا كەپلىشىۋالماي، نەزىرىمىزنى باشقا تۈرلەرگىمۇ قارىتىپ باقايلى. بىزدە "قوينى قاسساپ سويسۇن" دەيدىغان ماقال بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئوزۇقلۇقشۇناسلىقتا ئوقۇغانلار قۇۋۋەت تاللانلىرى ئىشلەپچىقارسۇن، خىمىيە ئوقۇغانلار سوپۇن ئىشلەپچىقارسۇن، فىزىكا، كومپيۇتېر ئوقۇغانلار ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارسۇن، باشقىلىرىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ... دېگەندەك يۇقىرى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مۇھەت ئاسراش تىپىدىكى زامانىۋى تۈرلەرگىمۇ مەبلەغ سېلىپ ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى. بۇ جەھەتتە «ئۇيغۇر سوفت»، «ئېرپان»، «پەنتېكىن»، «بىلقۇت»، «بارخان» ... قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ۋە تەجرىبىسى بىزنىڭ مەدەت ۋە ئىلھام ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىزدە يەنە، زىيالىيلارنىڭ پۇلى يوق، پۇلدارلارنىڭ تېخنىكىسى يوق. شۇڭا تېخنىكىسى بارلار بىلىمىنى

نومۇرىنى يېزىپ قويۇۋاتىدۇ. خېرىدارلار بۇنىڭغا بىر قاراپلا بۇنىڭ قەيەردە ئىشلەنگەن، قانداق مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. تېلېۋىزوردا نامى تولا تەكرارلىنىپ قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپ كەتكەن بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىدىن مەسىلە چىقىپ ئۇنى ئىزدىسىڭىز كارخانا، ئىشچى، ئۇسكۇنە دېگەنلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭ ئولتۇرغۇدەك تۇزۇك ئىشخانىسىمۇ يوق. خۇددى "سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخان يوغان بىر نان يوق" دېگەندەك.

ئۈچىنچى، يەنە بىر قىسىم كارخانىلار ئۆزىگە ماس كېلىدىغان يېرىم تەييار مەھسۇلاتنى چەت ئەلدىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئەكېلىپلا، قاراڭغۇ ئۆيدە ئوراپ قاچىلاپ، بۇنى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى قىلىپ سېتىۋاتىدۇ. بۇ خىلدىكى كارخانىلارنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى تاۋارنىڭ سۈپىتى — كارخانىنىڭ جېنى. سىز خام ئەشيا سېتىۋېلىشتىن باشلاپ تاۋارنى سېتىپ چىقارغانغا قەدەر بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىگە ئۆزىڭىز بىۋاستە نازارەت قىلىپ تۇرالىسىڭىز، ئاندىن مەھسۇلاتىڭىزنىڭ سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلالايسىز.

تۆتىنچى، ئېلانىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى ناھايىتى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەندەك تۇيغۇ بەرىسىمۇ، بىراق، زەن سېلىپ قارايدىغان بولساق، ئارانلا شۇ يېمەك ـ ئىچمەك، سوپۇنچىلىقتىن ئىبارەت ئىككىلا تۈرگە يىغىنچاقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. خۇددى جاھاندا قىلىدىغانغا باشقا ئىش يوقتەك، ھەممە ئادەم پەقەت چاچ بوياپ، تالقان يەپلا ئۆتىدىغاندەك.

بەشىنچى، مەبلەغ كۈچى ئاجىز. ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، بازىرى ياخشى بولۇپ كەتسە بىر مەزگىل تاراقشىغاندەك قىلغان بىلەن مۇبادا، خەلقئارادا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى، پۇل پاخاللىقى، ئىقتىسادىي بوھران ۋە تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، بازار كاساتلاشسا، بۇنداق سىناقلاردىن ئامان ـ ئېسەن

كېلىپ بولالمىغان پۇلدارلار باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئوغرىلاپ ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئوخشاش مەھسۇلاتنى كۆپەيتىپ بازارنى كاساتلاشتۇرغاندىن كۆرە قولىدىكى مەبلەغنى ئۆزى ئىستىقبالى پارلاق، مالىيسى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بىرەر كارخانىغا قانۇنلۇق پاي قوشۇپ، شۇنىڭ پايدىسىنى خەجلەپ ئولتۇرغىنى تۈزۈك. كارخانىچىلارمۇ بۇ نۇقتىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى، تەشەببۇسكارراق بولۇشى كېرەك.

3. ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش

بىر كارخانىچى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا كارخانىنى ئىلمىي باشقۇرۇش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، ئېنېرگىيە تېجەش، خىراجەتنى تۈجۈپلەپ باشقۇرۇش، خادىملارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىختىساسلىقلارغا موھتاج. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتمۇ تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىختىساسلىقلار رىقابىتىدۇر. بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان پالانى ئاشخانىدىكى قورۇما ئۇستىسىنى پۇستانى ئاشخانىنىڭ خوجايىنى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئەپقېچىپتۇ ... دېگەندەك مىش-مىش گەپلەرمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا شۇ ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش رىقابىتىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن كارخانىچىلىرىمىز ئۆز كارخانىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىمەن، كارخانىنى روناق تاپقۇزىمەن دەيدىكەن، ئاۋۋال كارخانىغا ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئىككى خىل يولنى كۆرسىتىپ ئۆتەي: بىرى، جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ئىچىدىن ئادىل رىقابەت ئارقىلىق سەرخىللىرىنى ئاشكارا تاللاپ، يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، قۇرسىقىدا ئومچى ئازراقلىرى ئاز مائاش بەرسىڭىزمۇ كۆنگەن بىلەن ئۆزىدە ئىشەنچىسى بارلار بىر مەزگىلدىن كېيىن سىزدىنمۇ يۇقىرى مائاش بېرىدىغانلار چىقىپ قالسا پېشىنى قاققانچە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىرى، ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بولغان تۈردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ھاۋالە

چىقارسا، پۇلدارلار مەبلەغ سالسا شىرىكلىشىپ يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرساق تامامەن بولىدۇ. ئىستېمالچىلار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولساق، بازاردىن ئۆزىمىزنىڭ شۇ نەرسىسى تېپىلسا، چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇپلا ئىشلىتىشنى بىلىۋالساق ۋە خاتىرجەم ئىستېمال قىلساق، نېمە دېگەن ياخشى-ھە!

2. تارقاق مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈنمۇ، زامانىۋى، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى بىرەر يېڭى مەھسۇلات تۈرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ھەتتا يۇقىرى سەۋىيىلىك باشقۇرغۇچىلاردىن باشلاپ ئىشىك باقارلارغىچە ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. دېمەك، پۇل — كارخانا ئۈچۈن قان ۋە جان. ئۇ قانچىلىك كۆپ بولسا جىقلىق قىلمايدۇ. بىراق ئاز قالسا ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك كارخانىلار بازار رىقابىتىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە بىر ئۇچرىسىلا قايتا باش كۆتۈرەلمەيدۇ. خوش ئۇنداق بولسا، كۆلىمى كىچىك خۇسۇسىي كارخانىلار زورىيىش ئۈچۈن پۇلنى نەدىن تېپىشى كېرەك؟ ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن بېرىدىغان ھەقسىز مەبلەغنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق پرىنسىپى ۋە شەرتى بار، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىۋەرمەيدۇ. بانكىنىڭ ئۇسۇمىلۇك قەرزىنى ئالماقمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن سودا بانكىلىرى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بانكىلارنىڭ كرېدىت تۈزۈمىمۇ چىڭىيىپ كەتتى، قەرز ئېلىشنىڭ رەسمىيەتلىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئەمدى مىللىي كارخانىچىلار كۆز قاراشنى يېڭىلىماي بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىجارەت خاراكتېرى ئۆزئارا ماس كېلىدىغان بىر قانچە كارخانا ئۆزئارا پۈت تېپىشمەي، ئىتتىپاقلىشىپ، گۇرۇھلىشىش ئارقىلىق تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىنى كۈچەيتىپ، خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. يەنە بىرى، يېڭىدىن كارخانا قۇرماقچى بولغان، بىراق قانداق كارخانا قۇرۇش ھەققىدە تېخى ئېنىق بىر قارارغا

ئارىلىقتا باھانى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتمەسلىكى؛ مەھسۇلاتنى دەسلەپ باشقا ئىشلەپ كېيىن ناچارلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى؛ تاۋارنىڭ سۈپىتى، مىقدارى، باھاسى ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشى لازىم. خېرىدارلارغا ھەققىي نەپ يەتكۈزۈشنى ئويلىسا "بىرنى ئالساڭ بىرنى قوشۇپ بېرىمەن" دېمەي، ماللىرىنى سۈپەتلىك قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشى، ئىستېمالچىلارغا سەممىيلىك بىلەن ھەققىي نەپ يەتكۈزۈپ بازار ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىلىپ قويۇڭ، تاۋارنىڭ سۈپىتى — ئەڭ ياخشى ئېلان. بىزدە "ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا" دېگەن ماقال بار. شۇڭا سىز ئىشلەپچىقارغان تاۋار ئىستېمالچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى ھەققىي ئىشەنچلىك تاۋارغا ئايلانغاندىلا ئاندىن سىزنىڭ كارخانىڭىز مۇقىم تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى سەۋەبلىك تاۋارنىڭ تەننەرخى بىر مەزگىل ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئالدىراپ تاۋارنىڭ مىقدارىنى ئازايتىشقا، سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ۋە ياكى باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ. ۋاقتىنچە زىيان تارتىسىڭىزمۇ سەۋر-تاقەتلىك بولۇشىڭىز كېرەك. چۈنكى "خەزىنە"ڭىزدىكى شۇنچە كۆپ بايلىق ئەنە شۇ ئىستېمالچىلىرىڭىزنىڭ چۆنتىكىدىن كەلگەن. مال باھاسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە تولۇق سىڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئىستېمالچىلار ھەققىي قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەندە ئاندىن باھانى ئۆستۈرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. شۇ ئارىدا مال باھاسى تۆۋەنلەپ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ قالسا ئارىدا تارتقان زىيان سىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. چۈنكى شۇ ئىستېمالچىلىرىڭىز بولسىلا، ئىستېمالچىلىرىڭىزنىڭ قەلبىدە سىزنىڭ مەھسۇلاتىڭىزنىڭ ئېجابىي ئوبرازى يوقالمىسىلا، سىز باي بولۇشتىن ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ.

كارخانا تىجارىتى — ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىناۋەتلىك تىجارەت؛ ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىتلىق ھايانكەشلىك ئەمەس. شۇڭا كارخانىچىلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئەمەس، كەلگۈسىنى ئويلاپ ئىش قىلىشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىغا

قىلىپ تەربىيىلىتىش، ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان تالانتلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالدىن توختاملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش خىراجىتىنى كۆتۈرىگە ئېلىپ ئۇلارنى ئۆز كارخانىمىزدا ئۇزۇن مۇددەت ۋە ياكى بىر ئۆمۈر تۇتۇپ قېلىش. ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىمىز بىر قوللۇق تەربىيىلەتكەن خادىملار ئاسانلىقچە سىزدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم بىر ئالىي بىلىم يۇرتى بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك توختام تۈزۈۋالسىڭىز، كارخانىڭىزدا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈزۈكچىلىكى بولمايدۇ.

4. بازار ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ مۇقىم تەرەققىي قىلىش

كارخانىچىلىق پايدا-مەنپەئەت قوغلىشىش جەھەتتە سودىگەرچىلىككە ئوخشاپراق كېتىدۇ، بىراق تىجارەت نىشانى جەھەتتە ئۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سودىگەرلەر بىر شەھەردىن ئالغان ماللىرىنى يەنە بىر شەھەرگە ئاپىرىپ قانچىلىك پايدا ئالالىسا شۇنچىلىك پايدىسىغا ساتسا بولىدۇ. ناۋادا زىيان چىقسا يەنە بىر شەھەر ياكى يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ تۈگەتسە بولۇۋېرىدۇ. توپ ئېلىپ پارچە ساتىدىغان باققاللارمۇ ئەتىگەندە كىلوسى بەش يۈەندىن ساتقان مېۋىنى خىللاندىسى قالغاندا ئۈچ يۈەندىن تۈكمە قىلىپ سېتىۋەتسە ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلەپ كەتمەيدۇ. ئۇ سودىسىنى ئەتىسى يەنىلا شۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بىراق كارخانىچىلار ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ. كارخانىچى دېگەن مەھسۇلاتى بازار تېپىپ كەتسە باھانى ئۆستۈرۈۋالسا، مەھسۇلاتى بېسىلىپ قالسا باھاسىنى چۈشۈردۇق، دېگىلى نومۇس قىلىپ ئۆزىنى پەردازلاپ "پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ مال سېتىش پائالىيىتى"، "بىرنى ئالساڭ بىرنى قوشۇپ بېرىمىز" دەپ كۆز بويامچىلىق قىلسا ئاسانلا ئىستېمالچىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانىچىلار ھەر قېتىم يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالغاندا تاۋار باھاسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىپ بېكىتىشى، ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ سېتىشنى ئويلىشى،

مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىيە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ھۆرنىسا توختى

# خىزىر ھەققىدە خىياللار

ئابدۇرەھىم ھەكىمى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2010 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.25
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 12.00 يۈەن
978-7-105-10681-3/I.2125(维300)

ئىرىشىش ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى ئۆتكۈنچى زىياندىن ھودۇقۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

## تۈگەللىمە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا 22 مىليون ئىستېمالچى بار. بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت ئىستېمالچىلىرى 50 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. يەرلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك، باھاسى مۇۋاپىق بولسىلا ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭكىنى ئىستېمال قىلىشنى خالايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئىستېمالدىكى مىللىيەتلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونىمىزدىكى خەنزۇ ئىستېمالچىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. مانا بۇمۇ مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ بازار تېپىشىدىكى يەنە بىر ئەۋزەللىك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىمىز شۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش. مانا بۇ خىل رېئاللىق ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈشنى ئەڭ ئەۋزەل شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەمدىكى گەپ ئۆزىمىزدە. بازارنى ئىلمىي، توغرا مۆلچەرلەپ، تەرەققىيات ئىستىقبالى بار تۈرلەرنى ئېچىپ ئۆزىمىزگە ئىشىنىپ، دادىللىق بىلەن مەبلەغ سېلىپ، كەسپداشلار ئارا دوستانە رىقابەتلىشىپ، كەلگۈسىگە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىسەكلا ئىگىلىكىمىز پارلاق ئىستىقبالغا يۈزلىنەلەيدۇ!

(كىتاب ئەلكاتىپ — 5.5 ئارقىلىق Microsoft Publisher 2007 سىستېمىسىدا ياسالدى)

责任编辑：夏木斯亚·吐尔孙
责任校对：吾尔妮莎·托合提

**图书在版编目(CIP)数据**

师道物语：维吾尔文/阿卜都热伊木·艾克木著. —北京：民族出版社，2010. 3
ISBN 978-7-105-10681-3

Ⅰ.师...　Ⅱ. 阿...　Ⅲ. 文学—作品综合集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I217.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第054434号

**出版发行**：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
**社　　址**：北京市和平里北街14号　邮编：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京艺辉印刷有限公司
**版　　次**：2010年6月第1版
2010年6月北京第1次印刷
**开　　本**：850×1168毫米 32开
**印　　张**：6.25
**印　　数**：0001-2000册
**定　　价**：12.00元
978-7-105-10681-3/I.2125(维300)